# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال　2005 ـ يىل 4 ـ سان


## كۆچۈش ـ كۆچۈرۈشلەر

ئۇلۇغبەگ ۋە شەيخ ئەخمەد ........................ غ. ئاسىم ئوغلى (1)

دادام ئېيتقان ھېكايىلەر........................ ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم (59)

«مومامنىڭ شىپالىق دورىلىرى» ۋە مېنىڭ مومام...ئارسلان تالىپ (62)

## ئادەت قېرىماس

مەشرەپ ھەققىدە ئويلىغانلىرىم........................ نىياز ئىمىن (5)

مورى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئۆتكەن ئۇچ كۈن .... مۇختەر تۇردى (52)

## ئىزدەك

ئۆزگىلەردىن ئۆزىمىزگە نەزەر................ ئابدۇقادىر جالالىدىن (10)

## ساقلىنىش ـ شاملىنىش

مومامنىڭ شىپالىق دورىلىرى ...كامال ھېسامىدىنوف (قازاقىستان) (13)

## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

مەن قىرىغاندا ........................ جەملە تۇرسۇن تەرجىمىسى (28)

سۆيگۈ ـــ ئەڭ قىممەتلىك بايلىق........................ (51)

كىچىك ئىشقا سەل قارىماڭ........................ (45)




(ئومۇمىي 90 ـ سان)


باش مۇھەررىر:

يۇسۇپ ئىسھاق

جاۋابكار مۇھەررىر:

خۇرسەنئاي مەمتىمىن

تارقىتىش بۆلۈمى مۇدىرى:

ئەسقەر مەخسۇت

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى.

تۈزگۈچى: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.

جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65－ 1130 / I

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004－ 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58

باھاسى: 5.00 يۈەن

## مۇشتەرى بولۇڭ

ژۇرنىلىمىزغا ھەر قايسى جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق ھەرقانداق چاغدا مۇشتەرى بولغىلى بولىدۇ.

## ئەسەر ئەۋەتىڭ

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22-نومۇر. بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەر قايتۇرۇلمايدۇ. ئادرېسىڭىزنى، كىملىك نومۇرىڭىزنى ئەسەر كەينىگە قوشۇپ يېزىشنى ئۇنتۇماڭ.

## قەدەم تەشرىپ قىلىڭ

ئورنىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22 ـ نومۇر (ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 14 ـ قەۋىتىدە)

تېلېفون: 4554017 — 0991
پوچتا نومۇرى: 830001

主管: 新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
主办: «美拉斯»编辑部 (乌市友好南路22号文联14层) 电话: 4554017 印刷: 新疆日报社印务中心 发行: 乌鲁木齐邮局 订阅: 全国各地邮局 国内统一刊号: CN65-1130/I 国外统一刊号: ISSN1004-3829 邮编: 830001 代号: 58-60 定价: 5.00元

### ئەدەبىيات يۇلتۇزى

ئەل سۆيگەن سەنئەتكار شاھمۇھەممەد.........مۇھەممەتئىمىن قۇربان (29)

### چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار

ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت................. نوشىرۋان يائۇشېۋ (روسىيە) (34)

### ئەقىل دۇردانىلىرى

ئەلىشىر نەۋايى ھېكمەتلىرى................................................ (44)

### ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

«چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىنىڭ مەنبەسى... ئوسمان ئىسمائىل تارىم (46)
ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە ئۇنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى.........................
............................................ ئابلىمىت مۇھەممەدى ئاقىولى (67)

### كۆڭۈل ـ جان ئوزۇقى

يۇمۇرلار........................................................................ (76)

### ئەلنىڭ تۈرلۈكى ئەللىك

يارقىن مىللىيلىك، سەممىي ھېسسىيات ........................... (78)

«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ۋاكالىتەن سېتىش ئورنى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولىدىكى قەلبداشلار كىتابخانىسى.
«مىراس» ژۇرنىلىنى توپ ۋە پارچە سېتىۋالماقچى بولسىڭىز، ئەكبەر ئەپەندى بىلەن ئالاقىلىشىڭ!
تېلېفون نومۇرى: 2866182 ـ 0991
يانفون: 13999185171

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: ئۇيغۇر قىزى
پولات ئابدۇكېرىم خوجا فوتوسى

# ئۇلۇغبەگ ۋە شەيخ ئەخمەد



غ. ئاسىم ئوغلى

تۆمۈر قىشنى ۋە ئەتىيازنى كۆپ ۋاقىت ئەزەربەيجاد-
نىڭ تاغلىق قارا باغ ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈشنى ياخشى كۆ-
رەتتى. ئەتراپى جاڭگال ۋە ئېگىز تاغلار بىلەن قاپلانغان
بۇ جاينىڭ مەنزىرىسى ياخشى، ھاۋاسى ساپ بولغاچقا
كىشىنىڭ ئارام ئېلىشى ۋە كۆڭۈل ئېچىشىغا خوپمۇ ماس
كېلەتتى. تۆمۈر ئېغىر ۋە كۆپ مۇشەققەتلىك ھىندىستان
سەپىرىدىن كېيىن، قارا باغدا ئارام ئالغاچ كەلگۈسى سە-
پەرلىرى ئۈچۈن كۈچ توپلىدى.

بۈك ـ باراقسان دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان دۆڭنىڭ
يان باغرىغا گۈزەل بىر باغ جايلاشقان بولۇپ، بۇ باغنىڭ
چەتلىرىدە بىر نەچچە ساراي ۋە ئاجايىپ شىپاڭلار كۆ-
رۈنەتتى. بۇ ئىمارەتلەرنىڭ ئۈستى زۇمرەتكە ئوخشاش
رەڭمۇرەڭ نەرسىلەر بىلەن قاپلانغان ۋە يوپـۇرمـاقـقـا
ئوخشايدىغان نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن، ئىمارەتنىڭ ئى-
چى تۈرلۈك جەڭ ۋە ئوۋ مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان
رەسىملەر بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. مانا شۇ جايدا تۆمۈر
ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك يىگىتلىرىنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا،
شائىرلار، سازەندىلەر، ناخشىچىلار ۋە قىزىقچىلار بىلەن
ھەمسۆھبەتتە بولۇپ قىشنى ئۆتكۈزەتتى. ئەتىيازدا بـىـر
خىزمەتكارىنى سەمەرقەندكە ئەۋەتىپ، نەۋرىسى ئۇلۇغ-
بەگنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. تۆمۈرنىڭ كەنجى ئوغلى
بولغان شاھروينىڭ بالىسى ياش ئۇلۇغبەگ بوۋىـسـىـنىڭ
بىۋاسىتە نازارىتى ئاستىدا تەربىيىلەنىدى. تۆمۈر قەيەردە
بولمىسۇن، ھەر دائىم نەۋرىسىنىڭ ساقلىقى، ئوقۇشى ۋە
تەربىيىسى ھەققىدە خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى. قارا باغدا
بولغان چاغدىمۇ ئۇنىڭ سۆيۈملۈك نەۋرىسى يېنىدا بول-
مىغاچقا كۆڭلىرى بىر خىل غەم ـ ئەندىشىدە ئۆتتى.

چۈش ۋاقتى. قۇياش يېشىل يوپۇرماقلار بىلەن قاپ-
لانغان دەرەخلەرنىڭ بېشىغا كۈمۈش نۇرلىرىنى چاچماقتا.
يوپۇرماقلار ئارىسىدا يۈزلەرچە قۇشلار چۇۋۇلدىـشـىـپ
قۇياشنى ئالقىشلاۋاتاتتى. يېشىل يىپەك چاپانغا ئورۇلۇپ،
ئالماس ۋە ياقۇت بىلەن بېزەلگەن ئاق مالخىيىنى بېشىغا
كىيگەن تۆمۈر باغ ئىچىدە ئاستا ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئوت-
تۇرا بويلۇق، كەڭ يەلكىلىك ۋە چاچلىرى ئاقارغان بۇ
قېرى گەۋدىسىنى تىك تۇتۇشقا ئۇرۇناتتى. ئۇنىڭ قويۇق
قاشلىرى ئاستىدا چاقناپ تۇرغان ئۆتكۈر كۆزلىرى ئەت-
راپتىكى كىشىلەرنىڭ يۈرىكىدە قورقۇنچ ئارىلاش ھۆر-
مەت پەيدا قىلاتتى. چېكىلىرى چىقىپ كەتكەن بۇ قېرىنىڭ
ئىككى مەڭزى ھېلىمۇ قىزىللىقىنى يوقاتمىغانىدى. بـىـر
ئاي بۇرۇن سەمەرقەندكە ئەۋەتىلگەن كىشىنىڭ ئـىـز ـ

uyghurkitap.com



دېرەكسىز يوقاپ كېتىشى تۆمۈرنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلاتتى، كۆڭلىدە «يولدا بىرەر پالاكەت بولمىغان بولسا ياخشى بولاتتى» دەپ خۇدادىن تىلەيتتى.

بىردىن ئۇنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ، قاشلىرى قىمىرلاپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدە كېلىۋاتقان ئىشىك باقار تەشۋىشلىنىپ:

ــزاتى ئالىيلىرىنىڭ چېھرىدىكى تەشۋىش ئالامىتىنى ئۇققايمەن ياكى بىز قۇللىرى خىزمەتلىرىنى ياخشى بەجا كەلتۈرەلمەيۋاتىمىزمۇ، يا بولمىسا بىرەر جايلىرى ئاغرىمدۇ؟ــدەپ سورىدى.

تۆمۈر ئاستا كۈلۈمسىرەپ:

ــ سالامەتلىكىم ياخشى، خىزمەتچىلىرىمنىڭ خىزمىتىدىنمۇ مىننەتدارمەن، لېكىن سەمەرقەندكە ئەۋەتىلگەن خىزمەتچىمدىن تېخىچە خەۋەر يوقلۇقى كۆڭلۈمنى بىرئاز يېرىم قىلىپ تۇرىدۇ ــدېدى.

ــجانابلىرى خاتىرجەم بولسىلا،ــدېدى ئىشىك باقار ــنەۋرىلىرى چوقۇم ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كېلىدۇ.

ــئېيتقانلىرىڭ كېلەر.

ھەقىقەتەن ئىشىك باقارنىڭ ئېيتقىنىدەك بولدى، ئەتىسى چۈش ۋاقتىدا بىر چاكار تۆمۈرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ تىزىنى يەرگە ئۇچ مەرتىۋە پۈكۈپ تەزىم قىلدى ۋە ساراي مۇلك خانىم بىلەن ئۇلۇغبەگنىڭ يولدا كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بىر سائەتكە قالماي يېتىپ كېلىدىغىنىنى مەلۇم قىلدى. بۇ خۇش خەۋەردىن چىرايى ئېچىلغان تۆمۈر سۆيۈنچىگە بىر چاپان ۋەدە قىلىپ، باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا قۇرۇلغان يىپەك چېدىرغا ياندى.

ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتە ـ ئۆتمەي تۆمۈرنىڭ ئايالىــساراي مۇلك خانىم ۋە ئۇلۇغبەگ يېتىپ كېلىشتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇلۇغبەگ ئەمدىلا توققۇز ياشقا قەدەم قويغان ئېگىز بوي، قاپاقلىرى كەڭ، يۈزى سوزۇق بالا ئىدى. ئۇ بوۋىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، بوۋىسىنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بېرەتتى. ھال ـ ئەھۋال سورىشىپ بولغاندىن كېيىن تۆمۈر نەۋرىسىدىن ئىمتىھان ئېلىشقا كىرىشتى. ئۇلۇغبەگ ئەڭ ئالدى بىلەن بىر نەچچە كۇپلېت شېئىرلارنى يادقا ئوقۇپ بېرىپ، ئۇلارنى دەپتەرگە يېزىپ كۆرسەتتى. ئاندىن كېيىن بوۋىسى ھېسابتىن ئىمتىھان ئالدى:

ــئەگەر 660 چېرىك ئالتە قوشۇنغا بۆلۈنسە، ھەر قوشۇندا نەچچە چېرىك بولىدۇ؟

ــئەگەر ھەر ئون چېرىككە بىردىن چېدىر بېرىلسە، 150 چېرىك ئۈچۈن قانچە چېدىر كېرەك؟

ئەگەر بىر جەڭدە ھەر چېرىككە 300 دىن ئوق بېرىلسە، 950 چېرىككە قانچە تال ئوق كېرەك بولىدۇ؟

ئۇلۇغبەگ بۇ سوئاللارغا دەرھال جاۋاب بېرىپ بوۋىسىنى خۇشال قىلدى. تۆمۈر ئۆزىمۇ ناھايىتى ئەقىللىق بولۇپ، بىر ئاڭلىغان نەرسىسىنى زادى ئېسىدىن چىقارمايتتى. ئۆزىدىكى بەزىبىر ئالاھىدىلىكلەرنىڭ نەۋرىسىگە ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈپ، تۆمۈر تولىمۇ خۇشال بولدى. تۆمۈر ئۇنىڭ بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ:

ــئۇلۇغبەگ شاھلار ئالىمى ۋە ئالىملارنىڭ شاھى بولغاي،ــدېدى. كېيىن ئات مىنىشتە نەۋرىسىنىڭ ماھارىتىنى سىناپ كۆرمەكچى بولدى. خىزمەتكارلار ئۇنىڭ بويرۇقى بىلەن چېدىر يېنىغا بۇلۇتتەك بىر تورىكمەن ئېتىنى يېتىلەپ كەلدى. ئات ئالدىنقى ئوڭ پۇتى بىلەن يەرگە تېپىپ پىشقىرىپ، كۆزلىرىدىن ئوت ياندۇرۇپ تۇراتتى.

ــقېنى ئوغلۇم،ــدېدى تۆمۈر ۋە نەۋرىسىنىڭ قولىنى تۇتتى، مانا بۇ ئاتنى مىنىپ باغنى بىر ئايلىنىپ چاپتۇرۇپ كېلىڭ.

ئۇلۇغبەگ ئۆزىنى جانلىق تۇتۇپ، سول قولى بىلەن ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتتى. كۆزىنى ئاتنىڭ كۆزىگە تىكىپ، قولى بىلەن ئۇنىڭ بويىنىنى سىيلىدى. كېيىن خىزمەتكارلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئاتقا مىنىپ چېپىپ كەتتى. تۆمۈر ئېگىزرەك بىر جايغا چىقىپ نەۋرىسىگە قاراپ تۇردى. ئات دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىكى خۇددى يىلان ئىزىدەك يولدا شامالدەك ئۇچۇپ بارماقتا ئىدى. ئۇلۇغبەگ ئاتنىڭ ئۈستىدە ئۆزىنىڭ قەددىنى تىك تۇتۇپ كېتىپ باراتتى. ئات ئېرىقتىن سەكرەپ ئۆتكەنىدى، ئۇنىڭ قوللىرى تۇيۇقسىز ئېگەرنىڭ قېشىغا تېگىشىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن تۆمۈرنىڭ قاشلىرى تۈرۈلۈپ، يۈزىدە نارازىلىق ئالامىتى پەيدا بولدى. نەۋرىسى ئاتنى ئايلاندۇرۇپ كېلىپ، ئېگەردىن چۈشكەندىن كېيىن، تۆمۈر ئۇنىڭ تەربىيىچىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ:

ــمىرزىغا ھېساب ئىلمىنى ياخشى ئۆگىتىپسىزيۇ، ئەمما ئات مىنىشنى ئۆگەتمەپسىز. تۆمۈرنىڭ نەۋرىسى ئات مىنىشنى بىلمىسە ئەيىب ئەمەسمۇ؟ــدېدى.

رەڭگى ئۆچكەن تەربىيىچى:

ــئەيىب بىزدە، زاتى ئالىيلىرى گۇناھىمىزنى كەچۈرسىلە، ئەگەر بىر ـ ئىككى ھەپتە مۆھلەت بېرىلسە، مىرزامنىڭ تەربىيىسىدىكى بۇ چوڭ كەمچىلىكنى تۈگەتكەيمىز ــدېدى.

ئەگەر بۇ ھادىسە تۆمۈرنىڭ كەيپى يامان چاغقا توغرا كەلگەن بولسىدى، تەربىيىچىنىڭ شۇ زامان كاللىسى ئېلىپ

تاشلانغان بولاتتى. لېكىن ئەنە شۇ ۋاقىتتا دەم ئېلىپ، سالامەتلىكى ياخشىلانغان تۆمۈر تەربىيىچىنىڭ گۇناھىدىن كەچتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلۇغبەگ تەجرىبىلىك نەۋكەرلەرنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا ئات مىنىش ۋە ئوقيا ئېتىش بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ مەشىقتىن كېيىن ئۇلۇغبەگ تۆمۈرگە ھېكايە ۋە داستانلارنى ئوقۇپ بېرىدىغان قىسسە خاننىڭ ئوغلى ئەخمەد بىلەن بىللە ئوينايتتى. ئەخمەد ئۇنىڭ تەڭتۇشى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا قارىغاندا سېمىزرەك، بويۇنلىرى قىسقا، كەڭ يەلكىلىك، توقاچ يۈزلۈك بالا ئىدى. بۇ بالا بىلەن ئۆز نەۋرىسىنىڭ بىللە تەربىيىلىنىشىگە تۆمۈر قارشىلىق كۆرسەتمىدى. ئىككى دوست قىرلارغا چىقىپ ئوق ئېتىشىپ، دەرەخلەرگە يامىشىپ ۋە قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىنى ئىزدىشىپ ئوينايتتى.

بىر كۈنى ئۇلۇغبەگ دوستىغا:

ــ ئەگەر مەن پادىشاھ بولسام، سېنى ئۆزۈمگە ئىشىك باقار قىلىپ ئالىمەن، ــ دېدى.

ئەخمەد ئېرىق بويىدا ئۆسكەن ئاتقۇلاقنىڭ بەرگىنى ئۈزۈپ ئېلىپ سۇغا تاشلىدى ۋە ئۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ تۇرۇپ:

ــ سەن پادىشاھنىڭ نەۋرىسى، ــ دېدى، ــ مەن بولسام بىر خىزمەتكارنىڭ ئوغلى، سەن تەختكە ئولتۇرغىنىڭدىن كېيىن بىزنى نەزىرىڭگە ئىلماي قالارسەن؟

ــ ياق، ــ دېدى ئۇلۇغبەگ، ــ سۆزۈم راست، ئەگەر ئىشەنمىسەڭ قەسەم ئىچەي.

ــ كېرەك ئەمەس، ــ دېدى ئەخمەد، ــ قەسەم ئىچىپ ئۆزۈڭگە گۇناھنى شېرىك قىلما، سۆزۈڭگە ئىشىنىمەن.

ھەر ئىككىسى جىم بولۇپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇلۇغبەگ:

ــ سەن ئەگەر پادىشاھقا خىزمەتكار بولۇشنى خالىساڭ ئات مىنىشنى ئۆگەن، ــ دېدى، ــ سەن بولساڭ تېخىچە ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇشنى بىلمەيسەن.

بۇ گەپ ئەخمەدكە قاتتىق تەگدى:

ــ ئات مىنىشتە سېنىڭدىن كېيىن قالساممۇ، لېكىن يۈگۈرۈشتە سېنىڭدىن ئېشىپ كېتىمەن، ــ دېدى.

سۇ بويىدا تىنچ ئولتۇرغان بالىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ بىردىن يۈگۈرۈشۈپ كەتتى. ئۇلار كوكاتلارنى دەسسەپ، شاخلاردىكى قۇشلارنى ئۈچۈرۈپ باراتتى. ئۇلۇغبەگ بار كۈچى بىلەن يۈگۈرسىمۇ، لېكىن شېرىكىدىن سەل ئارقىدا قالدى. ئەخمەد ئۇلۇغبەگدىن سەل ئىلگىرى تۆمۈرنىڭ چېدىرىغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىپ كەلگەن ئۇلۇغبەگنىڭ ئەلپازى بۇزۇلغان، قاپىقى سېلىنغانىدى.

ــ يۈگۈرۈشنى تەلەك باشلىمىدىڭ. مېنىڭدىن سەل ئالدىدىراق يۈگۈرۈپ كەتتىڭ. كۈچۈك بولسا مېنىڭ بىلەن بەل تۇتۇشۇپ كۆر. سەمەرقەندتىكى چېغىمدا تەڭتۇشلىرىمنىڭ ھەممىسىنى يىقىتاتتىم.

ــ ماختانما، ــ دېدى ئەخمەد، ــ ھەممىنى قويۇپ سېنىڭدىن يىقىلارمىدىم!

بۇ سۆزلەر قىسسەخانغا «شاھنامە»نى ئوقۇتۇپ ئولتۇرغان تۆمۈرنىڭ قۇلىقىغا بېرىپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولى بىلەن شەرەت قىلىپ، قىسسەخاننى توختاتتى.

ــ كىتابنى يېپىپ قويۇڭ، رۇستەم بىلەن سۇخراينىڭ كۆرىشىدىنمۇ قىزىقراق بىر نەرسە چىقىپ قالدى، ــ دېدى ئۇ. كېيىن ئاقساپ چېدىردىن چىقتى. يان تەرەپتىكى چېدىردا ئۇنىڭ ئەمرىنى كۈتۈپ تۇرغان نەۋكەرلەر يۈگۈرۈشۈپ چىقىشتى. ئۇلار تۆمۈرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەر ئىككىلا بالىغا پوتا باغلاپ، بەل تۇشلۇتۇپ قويدى.

ئەخمەدنىڭ بېلى كۈچلۈك ئىدى. باشتىلا ئۇلۇغبەگ ئۇنىڭ بېلىنى پۈكۈپ، يەردىن ئۈزۈپ ئېلىشنىڭ قىينىلىقىنى بايقىدى. كۆڭلىدە بولسا ئۆز كۈچىنى ئاياپ، ھەمراھىنى چارچىتىش، كېيىن پەيتىنى پايلاپ تۇرۇپ ئۇنى يەرگە ئۇرماقچى بولدى.

ئۇلۇغبەگنىڭ ماھارىتى، چاققانلىقى، ئەخمەدنىڭ قۇۋۋىتى تارازىنىڭ ھەر ئىككى پەللىسىنى تەڭلەشتۇرگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن كۆرەش خېلى سوزۇلدى. ئالتۇن كورسى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئىككى قولىنىڭ مۇشتۇمى بىلەن تىزىغا تايانغان تۆمۈر كۆرەشنى دىققەت بىلەن تاماشا قىلاتتى. نەۋرىسىنىڭ چاققانلىقى، چەبدەسلىكى ئۇنىڭ زوقىنى كەلتۈردى. كۆڭلىدە «ئەگەر ھەمراھىدەك كۈچكە ئىگە بولسىدى، ئۇنى ئاللىقاچان يەرگە ئۇرغان بولاتتى» دەپ ئويلايتتى.

رەڭگى ئۆچكەن قىسسەخان بولسا كۆرەشنى تەشۋىش بىلەن بايقاپ تۇراتتى: «مۇبادا ئەخمەد ئۇلۇغبەگ مىرزىنى يىقىتىپ قويسا تۆمۈر غەزەپلەنمەسمىكىن؟» دەپ ئويلايتتى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ كۆزىنى شامدەك غەلەت قىلىپ، ئوغلىغا ئىشارەت بىلەن بىر نەرسىلەرنى چۈشەندۈرمەكچى بولاتتى. بىراق ئوغلى ئىشارەتلەرنى چۈشەنمەس، چۈشەنسىمۇ كۆرمەسكە سېلىۋالاتتى. ئەخمەد ئۇلۇغبەگنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ يەرگە ئۇرماقچى بولغاندا، قىسسەخاننىڭ يۈرىكى قورقۇنچتىن قېپىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالدى. كۆڭلىدە: «ئەخمەق بالا، مىرزىنى يىقىتىپ ئۆزۈڭنىمۇ، مېنىمۇ بالاغا قويمىساڭ ئىدىڭ» دەپ تەشۋىشلەندى. ئۇلۇغبەگ بولسا ھەمراھىنىڭ بېلىنى قىسىپ، ھەل قىلغۇچ پەيتنى كۈتتى. ئەخمەد ئۇنى سول تەرەپكە

www.uyghurkitap.com



قاراپ ئاتتى. ئۇلۇغبەگ پۈتى تىگە ـ تەگمەي ئۇنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ، ئوڭ تەرەپكە تاشلىدى. قاتتىق ئاۋاز بىلەن ئۇلۇغبەگنى ئالقىشلىغان نەۋكەرلەر يانمۇيان يىقىلغان ئىككى بالىنى كۆتۈرۈپ ئېلىشتى. كۈرەش قائىدىسىگە مۇۋاپىق ئۇلۇغبەگ يىقتقان ھېسابلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن نەۋكەرلەر ئۇنىڭغا يوغان بىر كىمخاپ تونىنى كىيگۈزۈپ، بېلىگە يىپەك ياغلىق باغلىدى. خۇشاللىقىدىن كۆزلىرى يانغان تۆمۈر نەۋرىسىنى قۇچاقلاپ پېشانىسىگە سۆيدى. قىسسەخان بولسا كۈرەشنىڭ بۇنداق تامام بولغىنىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئىچىدىن خۇداغا مىڭ ھەمدۇسانالارنى ئېيتتى.

ئارىدىن 46 يىل ئۆتتى. بىر كۈنى ئۇلۇغبەگ خۇراساندىن سەمەرقەندكە قايتىپ كېلىۋاتقاندا، يول ئۈستىدە بىر قەلەندەر ئۇنىڭ ئالدىنى توستى. ئۇ ئات تىزگىنىنى تارتىپ، ئاتنى توختاتتى ۋە يانچۇقىنى كولاشقا باشلىدى.

ـــ پادىشاھى زامان، ـــ دەپ چاقىردى قەلەندەر، ـــ مەن سىزنىڭدىن خەير ـ ئېھسان تىلەۋاتقىنىم يوق، ئادالەت تەلەپ قىلماقچىمەن.

ئۇلۇغبەگ ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا تىكىلدى:

ـــ ئۆزۈڭ كىمسەن ۋە نېمىنى خالايسەن؟ ئوچۇقراق ئېيت.

قەلەندەر ئاچچىق تەنە ئارىلاش كۈلدى:

ـــ ياشلىق ۋاقتىڭدا سىنىڭ بىلەن بىللە قارابباغدا ئويناپ يۈرگەن ئەخمەد مەن بولىمەن...

ئۇلۇغبەگ خۇشال بولۇپ، ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى، قەلەندەر قىچقاردى:

ـــ ئاتتىن چۈشۈپ ئاۋارە بولما، مەن پىرىم ئىيشان خوجا ئەخرارنىڭ دۈشمىنى بىلەن قول بېرىپ كۆرۈشمەكنى گۇناھ دەپ بىلىمەن.

ئۇلۇغبەگنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ ئوتى ياندى. بىراق ئۆزىنى زورىغا توختىتۋالدى.

ـــ ئادەملىرىڭگە ئېيتقىنكى، بىز شەيخ ۋە قەلەندەرلەرنىڭ ئىشىغا توسقۇنلۇق قىلمىسۇن، ـــ دېدى شەيخ ئەخمەد.

ئۇلۇغبەگ كۆز ئالدىدا مۇتەئەسسىپ ۋە جاھىل دەۋرىشنىڭ تۇرغىنىنى چۈشەندى.

ـــ سۆزۈمگە قۇلاق سال ئەخمەد، ـــ دېدى، ـــ ئۆتكەن ـ كەچكەندىن سەدىقە سوراپ، مازار ۋە مەقبەرىلەر يېنىدا تىلەمچىلىك قىلىش مۇسۇلمانچىلىققا توغرا كەلمەيدۇ. بېلىڭدىكى قاپاقنى، ئۈستۈڭدىكى جەندىنى تاشلا. مەن ساڭا ئوردىدىن بىر ئىش تېپىپ بېرەي، ھالال مېھنەت بىلەن كۈنۈڭنى ئۆتكۈز. كېيىنرەك سېنىڭ مەرتەۋەڭنى ئۇلۇغ قىلغايمەن.

ـــ ياق، ـــ دېدى ئەخمەد، ـــ بىز ئۆز يولىمىزدىن قايتمايمىز، مال ـ مۈلۈك ۋە مەنسەپ ئۈچۈن تەرىقىتىمىزنى ساتمايمىز.

ـــ پىرلىرىڭىز خوجا ئەخرار ۋە باشقىلار دۇنيانىڭ بىۋاپالىقى ھەققىدە ۋەزخانلىق قىلىپ، ئۆزلىرى يەر ـ سۇ ۋە مال ـ دۇنيالىرىنى كۆپەيتمەكتە. بۇنى كۆزىڭىز كۆرمەمدۇ؟

ـــ خۇداغا مىڭ شۈكۈر، ـــ دېدى قەلەندەر، ـــ بىز مۇرىتلار ئۆز پىرلىرى ھەققىدىكى يالغان، گۇناھ سۆزلەرنى ئىشىتىش ئۈچۈن ياڭمىز. پىرىمىزنىڭ قەدەم باسقان ھەر بىر يەرلىرى بىز ئۈچۈن مۇبارەكتۇر. ئېتىقادىمىز چىڭ، نەپسىمىز ھارارەتلىك بولغاچقا، تەرىقىتىمىز كۈندىن كۈنگە روناق تاپماقتا. تەرىقەت شىرلىرىمىز زۇلمەت دىۋىلىرى بىلەن ئېلىشىپ، ئۇلارنى يىقىتىشقا ھەرۋاقىت تەييار تۇرۇشىدۇ.

ـــ يادىڭدا بارمۇ، قارابباغدا سېنى يەرگە كۆتۈرۈپ ئۇرغانىدىم.

ـــ يادىمدا بار، ـــ دېدى قەلەندەر، ـــ ئاۋۋال سەن يەقىتقان بولساڭ، ئەمدى بىز يىقىتىمىز.

ئۇلۇغبەگنىڭ يېنىدىكى بابا ھۈسەيىن باتۇر يۈزسىز شەيخنىڭ سۆزلىرىگە چىدىيالماي، خەنجىرىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ ئالدى. ئۇلۇغبەگكە قاراپ:

ـــ مىرزام، ـــ دېدى، ـــ خەنجىرىم قانغا چاڭقىدى، ئىجازەت بېرىڭ، بۇ قۇزغۇننىڭ ئاۋازىنى ئۆچۈرەي.

ـــ خەنجىرىڭنى غىلاپىڭغا سېلىپ قوي، ـــ دېدى ئۇلۇغبەگ، ـــ بۇ قۇزغۇنلار كېيىنكى ۋاقىتتا شۇنداق كۆپىيىپ كەتتىكى، ئۇلارنىڭ بىرسىنى ئۆلتۈرگەن بىلەن ھېچ پايدا يوق.

ـــ بىر قۇزغۇننى ئۆلتۈرسەڭ، ئۇنىڭ بىر تامچە قېنىدىن يۈز قۇزغۇن پەيدا بولىدۇ.

ئۇ نەۋكىرى بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغان ۋاقىتتا، دەۋرىش ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ كېتىپ قالدى. يۈز قەدەمچە نېرىراقتىن ئۇنىڭ «ھەق!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇلۇغبەگ سەسكىنىپ، شەيخنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. ئۇنىڭ ئورۇق ۋە سولغۇن يۈزىدە ئۆچ ۋە ئەلەم ئىزلىرى كۆرۈنەتتى.

(«شەرق ھەققىقىتى» 1945 ـ يىلى 9 ـ ، 10 ـ سانلاردىن نەشرگە تەييارلاندى)

تەييارلىغۇچى: جەملە تۇرسۇن

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن



# مەشرەپ ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

نىياز ئىمىن



خۇددى ساماۋىي چۆچەكلەردە رىۋايەت قىلىنغاندەك
كۇچانىڭ شىمالىدا ئاسمانغا تاقاشقان ئېگىز تاغلار ئارد-
ىسىدا تەڭرى سىزغان سۈرەتتەك ئەتراپىنى ئارچا قارىغاي-
لار قاپلىغان گۈزەل ئىككى كۆل بار. بۇ قەدىمىي ديار-
نىڭ جەنۇبىدا توغراقلىق ۋە چەكسىز كەتكەن قۇم بار-
خانلىرى سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ئوتتۇرا قىسمىنى ئەينى چاغ-
دىكى خان ئوردىلىرى مەركەز قىلغان نەچچە ئونلىغان
«چارباغ»، «بېھىشباغلىرى ياپيېشىل جەننەتتەك ئوراپ
تۇرىدۇ. دۇنياغا مەشھۇر يىپەك يولى بۇ يۇرتنىڭ قاپ
ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. شۇڭا ئەينى چاغدا كۇچا-
نىڭ شەرقىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئەرەب ئەللىرى ۋە
ياۋروپادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر بىلەن سودا، مەدەنىيەت
ئالاقىسى ناھايىتى قويۇق بولغان، بۇ يۇرت ئون نەچچە
ئەسىر بۇرۇنلا بېكىنمىچىلىككە خاتىمە بېرىپ سىرتقا ئې-
شىكنى ئېچىۋەتكەن. مانا مۇشۇنداق پايدىلىق شارائىتتى-
كى باردى ـ كەلدىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كۇچانىڭ
دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقىدىن باشقا، قول ھۈنەرۋەنچى-
لىكى روناق تېپىپ، كەسىپلەر بارغانسېرى كۆپىيىپ، با-
زار ـ رەستىلەر ئاۋاتلاشقان.
تارىخي تەرەققىياتنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرلـــىرىـــدە
ئەمگەكچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك كۇچا خەلقى مىلىڭ ئۆي
تام سىزمىلىرى، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئـــىچــمـەك،
ئۆرپ ـ ئادەت، ناخشا ـ ئۇسسۇل مەدەنىيىتىدە ئۆزىگە
خاس ئۇسلۇب سىستېمىسىنى ياراتقان كۇچا مەشرىپى بىز
زىكرى قىلغان ئاشۇ دۇردانىلار ئىچىدىكى ئەڭ سەرخە-
لىدۇر.
مەشرەپ ـــ تېكىست، ئاۋاز، ساز ـ مۇزىكا ۋە ئۇس-
سۇلنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشى بىلەن ئوينىغۇچىلارنىڭ قاي-
غۇ ـ ھەسرىتى، مۇھەببىتى، خۇشاللىقى ھەم ئارزۇ ـ ئار-
مانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، خەلق ئىجاد قىلىپ ئاۋام
ئۆزى ئوينايدىغان، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان
سەنئەت شەكلىدۇر. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى
قەدىمدىن تارتىپ مەشرەپ ئويناپ كەلمەكتە. ئەمما ئۇ-
لارنىڭ ياشايدىغان ماكانىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، ئىج-
تىمائىي مۇھىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن بۇرۇنقى
مەشرەپتە ئېيتىلىدىغان ناخشا، ئاھاڭ ۋە ئۇسسۇلـدىـكى
ئىپادىلەش شەكلىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئالايلى، دولانلىـقـلار
ئەلمىساقتىن تارتىپ ئۆز زېمىنىدا تەبىئەت بىلەن ئېلىشىپ،
چۆل ـ جەزىرىنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇش يولىدا ئەۋ-
لادمۇ ئەۋلاد جاپالىق ئىزدەنگـەن. شـۇڭـا ئـۇلارنـىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com







كىيىنىشلىرى ئاددىي، ھەرىكەتلىرى جۇشقۇن بولۇپ، مەشرەپتىكى ئىپادىلەش شەكلىدە دەل مۇشۇ رىئاللىق مەردانىلىق بىلەن ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ئەمما كۇچا مەشرەپلىرىدىكى سازچىلارنىڭ، ئۇسسۇلچىلارنىڭ كىيىملىرى چىرايلىق، پاسونلىرى كۆپ، رەڭلىرى خىلمۇخىل. يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك بېشىغا بادام دوپپا كىيىپ، بېلىنى بەلباغ ياكى تاسما بىلەن باغلايدۇ. پۇتىغا ئۆتۈك كىيىشىدۇ. يارىشىملىق قىسقا ساقال - بۇرۇت قويىدۇ. ئوتتۇرا ياش، ياشانغانلار ئۇزۇن ساقال - بۇرۇت قويغاندىن باشقا، ئۇلارنىڭ يەكتەك، تونلىرىمۇ تىزنى يېپىپ تۇرىدۇ. قىزلار بېشىغا نەپىس زەر تۇتقان گۇللۈك دوپپا، ئۇچىسىغا رەڭلىك نەقىش بېزەك قىلىنغان جىلىتكە، گۇللۈك ئۇزۇن كۆڭلەك، پۇتىغا پايپاقسىز كەش كىيىدۇ. چاچلىرىنى ئۇششاق، تال - تال ئۆرۈۋالغاندىن باشقا، پېشانە، ئىككى چېكىسىگە يارىشىملىق ماڭلاي قويۇۋالىدۇ. كۇچا مەشرەپلىرىنىڭ تۈرى كۆپ بولسىمۇ، باشلىنىش، ئاخىرلىشىشتىكى ۋاقىت ۋە سورۇن پەرقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، چېلىنىدىغان مۇزىكا، ئېيتىلىدىغان ناخشا، ئىپادىلەش شەكلى ئاساسىي جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگە. ئوغلاق تارتىش ئالساق، نەچچە ئون چەۋەنداز ئىچىدىن يەم - پاراستى، كۆچتۈگگۈرلۈكىگە تايىنىپ، ئوغلاقنى تارتىۋالغان يىگىت كىمنىڭ سەيناسىغا ئاشۇ ئوغلاقنى تاشلىسا، شۇ كۈنى شۇ قورۇدا مەشرەپ بولىدۇ. گەرچە ھېيت - ئايەملەردەك كالېندار ۋاقتى ئېنىق بەلگىلەنمىسىمۇ، مەشرەپ ئۇيغۇرلارنىڭ شادلىق بايرىمى، ئەركىنلىك بايرىمى، چۈنكى ئۇنىڭدىكى ۋاقىتتىن تارتىپ، ئىپادىلەشكىچە ئىختىيارلىقنى ئاساس قىلىدۇ. مەشرەپ يازدا باغ، ھويلا - ئاراملاردا، قىشتا كەڭرەك قورۇ - جايدا ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ھېيت مەشرىپىنى ئالساق، ئىپار باغنىڭ ئادەملىرى، خامپاباغلىقلارنى مەشرەپكە چاقىرسا، يۇرت ئەھلىگە ياكى يىگىت بېشىغا بىر كۈن بۇرۇن خەۋەر قىلىدۇ. مەشرەپ ئەھلى كېلىشتىن بۇرۇن سورۇنغا كىگىز - پالاز سېلىنىدۇ. قوي سويۇلۇپ، مەشرەپكە كەلگەنلەرگە پولۇ تارتىلىدۇ.

چوڭلار تۆرىدىن ئورۇن ئالسا، قالغان ئوتتۇراياش، ياش ئەرلەر بىر تەرەپتە، ئاياللار ئايرىم بىر تەرەپتە ئولتۇرىدۇ. سازچىلارنىڭ تەييارلىقى پۈتۈپ بولغۇچە، ئوتتۇرىدا چىلىم ئويناش باشلىنىدۇ. مەشرەپ رەسمىي باشلىنىپ سازچىلار، ئۇسسۇلچىلار ھېرىپ، چارچاپ دېمىنى ئېلىپ بولغۇچە يەنە ئەر ـ ئايال چىلىم ئوينايدۇ. ئۇنىڭدا ئالدى بىلەن گۈل كۆتۈرۈپ ئوتتۇرىغا چىققان يىگىت ئاياللار ئارىسىدا ئولتۇرغان كۆڭلى خالىغان بىر قىزنى گۈل بىلەن ئىما قىلىپ، چىلىمغا تارتىدۇ. ئوتتۇرىغا چىققان قىز ـ يىگىت بىلەن ماسلىشىپ بىر پىقىرقىرىۋېتىپ، يىگىت قولىدىكى گۈلنى ئالماقچى بولىدۇ. ئەمما يىگىت قىزنىڭچىلىق قىلىپ:

سىلىگە بېرەرمەن دەپ گازىر ئالسام چىچىلىپ كەتتى،

دېسە، قىز:

بۇ سورۇندا سىلىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ۋاللىدا ئېچىلىپ كەتتى.

* * *

ئۇيانمۇ ئېقىن، بۇيانمۇ ئېقىن،
ھەممىدىن سىلىگە كۆڭلۈم بەك يېقىن.

ئەتراپتىكىلەر پاراقلىشىپ كۈلۈشۈپ كېتىدۇ. ئاندىن گۈلنى قولىغا ئالغان قىز توپ ئارىسىدىكى خالىغان يىگىتنى چىلىمغا تارتىدۇ. داپنىڭ ئۇرۇلۇپ، سازنىڭ چېلىنىشى بىلەن چىلىم توختاپ، مۇقام ئېيتىلىدۇ. مۇقامدىن كېيىن ئۇسسۇللۇق پەدە تەزىگە چۈشىدۇ. تەزىدىن كېيىن سەنەم باشلىنىدۇ. سەنەم تۈگەپ يەنە تەزىگە چۈشكەندە ئوتتۇرىدا ئويناۋاتقانلار ئۆزلۈكىدىن توختاپ، جايىغا ئولتۇرىدۇ. پەدە يۆتكىلىش بىلەن ئوتتۇرىغا رىتىملىق، سىپايە، مەردانە ھەرىكەتلىرى بىلەن بۇرۇتلىرىنى شىمايلاپ ئەرلەر چۈشىدۇ. ئۇلار بىر پەدە ئويناپ ئولتۇرغاندىن كېيىن لېۋەن، نازۇك ھەرىكەتلىرى بىلەن ئاياللار ئوتتۇرىغا چۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكىدە بىز ھېلى دەپ ئۆتكەندەك بىر قاراپلا ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئۇققىلى بولىدىغان خاسلىقى ئىپادىلەنسە، چىراي ممىكىسىدە تارتىنىش، نومۇسچانلىق لاتاپىتى ئەكس ئېتىدۇ. ئۇدار، رىتىمغا ماسلاشقان قول، پۇت ۋە ئەۋرىشىمدەك ئېگىلگەن گەۋدە ھەرىكىتىدە گۈزەل خۇلق ـ مىجەزى نامايان بولىدۇ. مانا بۇ زامان ـ زامانلاردىن بۇيان ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۇيغۇرلار ئويناپ قانماي كېلىۋاتقان مەشرەپ. ئۇنىڭدىكى سېھرىي كۈچ گۈزەللىكنى ياقتۇرىدىغان ھەرقانداق ئىنسان بالىسىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلماي قالمايدۇ.

ھېيت مەشرىپى تۈگىگەندە ساھىبخان بىر لېگەن پولۇغا گۈل قاداپ، سورۇن ئەھلىنىڭ ئالدىدا داستىخانغا قويىدۇ. شۇ لېگەننى ئىختىيارىي قىلىپ كىم قولغا ئېلىپ ئورنىدىن تۇرسا، يەنە بىر قېتىملىق مەشرەپنى شۇ كىشى ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ۋاقىتنى ئۆزىنىڭ شارائىتىغا قاراپ، شۇ كىشى ئىختىيارىي بېكىتىدۇ. چىقىمغا كىم چاقىرسا، شۇ مەسئۇل بولىدۇ. بۇ خىل مەشرەپ كۆپ ئولتۇراردىن بۇرۇن تۈگەيدۇ.

مەشرەپتە ئاساسلىق داپ، دۇتار، تەمبۇر، غىجەك، ساتار، نەي، راۋاب قاتارلىق ئون نەچچە خىل ساز ـ مۇزىكا تەڭكەش قىلىپ چېلىنىدۇ. بەزى سورۇنلاردا شوخ سازەندىلەر تاش، قوشۇق قاتارلىقلارنى جۈپلەشتۈرۈپ، ئۇلارغا ماس جاقىرلىتىپ ئۇرۇش ئارقىلىق، گاھ كۆزنى يۇمۇپ بېشىنى ئارقىغا تاشلاپ، گاھ جەينەكلىرىنى رىتىمغا ماس يەرگە ئۇرۇپ، گەۋدىسىنى سىلكىپ، پۈتۈن سورۇن كەيپىياتىنى ئەۋجىگە كۆتۈرىدۇ. بۇنداق چاغدا ھاياجانلانغان، شادلانغان بايمۇ، گادايمۇ، بالىلارمۇ ھەتتا ئاقساق ـ چولاق، بوۋاي ـ مومايلارمۇ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ئۆز ھېسسىياتىنى، شادلىقىنى ئۇسسۇل بىلەن ئىپادىلەش



www.uyghurkitap.com





لىدۇ.

هازىرقى كۇچا مەشرىپى خۇددى دۇنيانىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ خىرىسىغا دۇچ كەلگەندەك، كىرىزىس بولۇپ قالغان بوۋايدەك بويىنىنى قىسىپ، بىچارە هالەتكە چۈشۈپ قالدى. بۇ كۇچا مەشرىپىنىڭ بۇرۇنقى هالىتى بىلەن هازىرقى شەكلىدە گەۋدىلىك ئىپادىلەنمەكتە.

1. كىيىم ـ كېچەك پەرقى: هازىر ئويناۋاتقان مەشرەپكە سەپسالساق چاچ قويۇپ يالاڭباش يۇرىدىغانلار كۆپ. دوپپا كىيىدىغانلار يوق دېيەرلىك. بەلباغ چىگىپ، ئۆتۈك كىيىدىغانلارنى ئىزدەپمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. هەتتا بەزىلەر خەلقئارا چولپانلارنى شەكلىدە دوراپ، گەجگىسىنى ياپىدىغان ئۇزۇن چاچ قويۇپ، سەپسۇكباش بولۇۋالىدىغان بولدى. قىزلار بىر ئوبدان ياراشقان سۇمبۇل چاچلىرىنى كېسىۋېتىپ، رەندە خەشەكتەك بۇدرە چاچ قويۇۋالدىغان، هەتتا كورىيە، شىياڭگاڭ قىزلىرىدەك كىندىك، بېلىنى ئەتەي ئوچۇق قويىدىغان قىسقا مايكا، ساغرىسى كۆرۈنۈپ قالغۇدەك قىسقا يوپكا كىيىۋالىدىغان بولۇشتى. بەرەر قېتىملىق مەشرەپكە قاتناشسىڭىزلا ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلار ئارىسىدا بەزىلەرنىڭ چاچلىرىنى ئالا ـ بۇلىماچ بوياپ، ئامېرىكىنىڭ پادىچى ئىشتىنىدىن تارتىپ ئىسپانىيەنىڭ بوغماق چاپىنىغىچە كىيىۋېلىشقانلىقىنى ئۇچرىتىمىز...

2. ساز ـ مۇزىكا، ئۇسسۇلدىكى ئۆزگىرىش. يېزىلاردا ئانچە ئەمەس، ئەمما هازىر شەهەرلەردە ئوينىلىۋاتقان مەشرەپلەردە بۇرۇنقى بىلەن پەرق ئالاهىدە گەۋدىلىك. بۇرۇن مەيلى يېزا ياكى شەهەردە بولسۇن، مەشرەپلا بولىدىكەن، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن تەرتىپ بويىچە ئوينىلاتتى. ئەمما هازىر ئۇ تەرەپلەرنى كىملەر پەيدا قىلغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئىستىخىيىلىك قائىدىلەر ئىگىلىدى. ئالايلى، بۇرۇنقى توي مەشرەپلىرى توي بولغان ئۆي ياكى قورۇدا هەشەم، ساختا شۆهرەت تەمەدىن خالىي ئاددىي ئېلىپ بېرىلاتتى. هازىر توي ـ تۆكۈننىڭ رېستورانغا ئېقىشى بىلەن مەشرەپنىڭ نوپۇسىمۇ رېستورانغا كۆچتى. بۇرۇنقىدەك مەشرەپ باشلىنىشى بىلەنلا ئوينىلىدىغان چەلىم توۋلىنىدىغان مۇقام ... تەرتىپلىرى هاۋايى مۇئەللەققە چۆرۈۋېتىلىپ ئۇنىڭ ئورنىنى ئەبجەش ناخشىلار ئىگىلىدى.

ئەركىنلىككە ئىگە بولغان بولىدۇ. مۇبادا ئوينىغۇچىنىڭ پۇت ـ قولى، چېلىنىۋاتقان سازنىڭ ئۇدارىغا كەلمەي، قاملاشتۇرالماي قالسىمۇ هېچكىم «ئوينالمايدىكەنسەن» دەپ سورۇندىن چىقىرىۋەتمەيدۇ. چۈنكى مەشرەپ ئۇيغۇرلارنىڭ ساز، مۇزىكا ئاڭلاپ، ئۇسسۇل ئۆگىنىدىغان مەكتىپى. ئۇنىڭغا هېچقانداق بەدەل كەتمەيدۇ. باللار ئاتا ـ ئانىلىرىغا ئەگىشىپ مەشرەپكە تۇنجى بارغاندىن تارتىپ، تا قېرىغىچە بۇ سورۇندىن مېهرىنى ئۈزەلمەيدۇ. مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ «تىلى چىقىپلا ناخشىچى، ئايىغى چىقىپلا ئۇسسۇلچى» بولۇپ كېتىشىنىڭ تۈپ مەنبەسى. شۇڭا مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا مەشرەپ، مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى 12 مۇقامدەك كاتتا ئىجادىيەت، ئىنتايىن چوڭ ئاممىۋى مەكتەپ. ئۇنىڭغا قاتناشقان هەرقانداق ئادەم ئىستىخىيىلىك هالدا سەنئەت تەربىيىسىگە ئىگە بولغاندىن باشقا پسىخىكا جەهەتتىن تىڭشىغان مۇزىكا، كۆرگەن ئۇسسۇل ـ قىزىقچىلىقلاردىن زوقلىنىپ ئۆزگىچە ئىستېتىك هۇزۇرلىنىدۇ. فىزىئولوگىيە جەهەتتىن ئۆزىمۇ ئۇسسۇل ئويناپ هەرىكەت قىلغاچقا سالامەتلىكىمۇ ياخشىلىنىپ قا-

بىر بەلەن مىللىي مۇزىكىلىرىمىزنىڭ ئورنىنى، ئېلېكتىرونـ
لۇق مۇزىكا ئىگىلىۋالدى. ئوتتۇرىدا ئوينىلىدىغان ئەنئەـ
نىۋى مەشرەپ ئۇسسۇلىمىز ئامالسىز غەربنىڭ تانسىسىغا
ئورۇن بوشاتتى. مىڭ يىللاردىن بۇيان ئەجدادىمىز سۆـ
يۈپ، قەدىرلەپ ئويناپ كېلىۋاتقان مەشرەپ ئۇسسۇلى
بۈگۈنكى كۈندە، تانسىچىلار ھېرىپ كېتىپ دەم ئالغىچە
ئارىلىقتا بەزىدە ئويناپ قويىدىغان، بولسىمۇ بولىدىغان،
بولمىسىمۇ بولىدىغان شەكىلگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ يۇرتتا
بۇرۇن تويى مەشرىپىدە ئەرلەر گەۋدىسىنى كېرىپ، دولە-
سىنى شوخلۇق بىلەن ئېرغىتىپ، ئاياللارغا دۇمبە تارتىپ
پىرقىراپ، جاسارىتىنى، كۆچتۈگۈرلۈكىنى، ساپ مۇھەب-
بىتىنى ئاۋازسىز ئاشۇ چىرايلىق ھەرىكىتىدە ئىپادىلەيتتى.
ئاياللار ئەرلەرگە ماسلىشىپ ئوينىغان سورۇنلاردىكى يې-
نىك، ئەۋرىشىمدەك گۈزەل ئۇسسۇلىدىن ئادەم زوقلىنىپ،
ھۇزۇرلىنىپ، ئېغىر ئەمگەك قىلغان بولسىمۇ، بۇنداق
سورۇندا ھاردۇقى چىقىپ قالاتتى. ھازىر ئوينىلىۋاتقان
تويى مەشرىپىدە ئاھاڭى ھىندىستاننىڭ، سۆزى قۇراشتۇ-
رۇلۇپ قاپىيەنىلا ئاساس قىلىپ، ناخشا قىلىۋېلىنغان،
ئاڭلىسا ئادەمنىڭ كۆلكىسىنى قىستايدىغان بىر نېمىلەر
سورۇننى ئىگىلەپ، بازارغا سېلىنىۋاتىدۇ. مەشرەپمۇ ئىس-
مىلا بار، جىسمى يوق ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، سورۇنىمۇ
تانسا، چاقماق ئۇسسۇلى، تولغۇما قۇرت ئۇسسۇلى ۋە
چاقىقاڭ ـ چۇققۇڭ بىلەن قۇلاق ـ مېڭىنى يەپ شاۋ-
قۇن ـ سۈرەن بىلەن ئاخىرلىشىدىغان بولۇپ قالدى. بە-
زى ياشلارنىڭ ئۇسسۇل دەپ بەل تولغاپ، غىلجىڭشىشى-
لىرىدىن ئادەمنىڭ نومۇسى كېلىدۇ.

مۇشۇنداق بىر ھالقىلىق پەيتتە «شىنجاڭ تېلېۋىزىيە
ئىستانسىسى» زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، «مەش-
رەپ»تىن ئىبارەت بۇ چوڭ تېمىنى مەخسۇس پروگراممىا
قىلىپ ئىشلەپ، زامانىۋى ئالاقە ۋاستىسى، سۈنئىي ھەمراھ
ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ھەتتا دۇنياغا تارقىتىپ،
كۆرۈش دائىرىسىدە تارىختىن بۇيانقى مىسلى كۆرۈلۈپ
باقمىغان رېكورد ياراتتى. «مەشرەپ»نىڭ تېلېۋىزورغا
چىقىشى، مەھەللە دائىرىسىدە ئوينىلىپ، كۆپ بولسا بىرەر
مىڭ ئادەم قاتنىشىدىغان ھالەتنى بىرەر چوڭ كارخانا ياكى
پۈتۈن شەھەر، ناھىيە بويىچە ئوينىلىدىغان، ھەتتا ئون
مىڭلىغان ئادەم داغدۇغا بىلەن قاتنىشىدىغان كۆلەمگە
كېڭەيتتى. بۇنى ئەلۋەتتە مەشرەپ تارىخىدىكى بۇرۇلۇش،
ئىسلاھات دېيىش كېرەك. بىراق بۇ خىل مەشرەپنىڭ چە-
قىمى نەچچە ئون مىڭ، نەچچە يۈز مىڭ يۈەن بولغاچقا،
بۇنى ئۇيۇشتۇرغۇچى تەرەپ كۆتۈرەلىسە ئۈستىگە ئالا-
لايدۇ. بولمىسا ئوينىغۇسى كەلگەن بىلەنمۇ ئوينىيالمايدۇ.
يەنە بىرسى بۇ خىل مەشرەپ، مەخسۇس باشقىلار تەس-
تىقلىغان كۈن تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلغان بولغاچقا،
مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن سەنئەتچى، ئارتىسلار ئوتتۇ-
رىغا چۈشەلەيدۇ. خالىغان ئادەمنىڭ سورۇنغا چۈشۈشى
مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل مەشرەپ ئەس-
لىدىكى مەشرەپ تەرتىپى بىلەن ئەمەس، بەلكى سەنئەت
ئۆمىكىنىڭ ئويۇن قويۇش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇ-
نىڭدا ئۇنىۋېرسال سەنئەت نومۇرلىرىنىڭ ھەممىسى بار،
بۇنى قانداقمۇ مەخسۇس مەشرەپ دېگىلى بولىدۇ؟ شۇڭا
مەشرەپنى ئەسلىگە سادىق بولغان ئاساستا قېزىتىشىمىز،
گۈللەندۈرۈشىمىز، شۇ ئاساستا ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەرەققىي
قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

جەمئىيەت تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. كىيىم ـ كېچەك،
جۇملىدىن مەدەنىيىتىمىزمۇ ئەلۋەتتە زامانغا ماسلىشىشى
كېرەك. لېكىن ئەنئەنىمىزنى، خاسلىقىمىزدىن ئىبارەت
ئەڭگۈشتەرىمىزنى يوقىتىپ قويساق قانداق بولىدۇ؟
مەشرىپىمىزدىكى بۇ خىل ئەبجەشلىشىشى، ئۆزگىرىش،
يوقىلىشقا يۈزلىنىش بىر كۈندىلا يۈز بەرمىگەچكە، كۆنۈپ
كېتىۋاتىمىز، خۇددى شۇنداق بولمىسا بولمايدىغاندەك
ماسلىشىپ قېلىۋاتىمىز.

ئەگەر بۇ خىل تراگېدىيىنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەشكە
سەل قارىلىدىكەن، ئۇ ھالدا يەنە يىرىم ئەسىرگە بارماي،
بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىز مەشرەپ دېگەن ئۇقۇمنى بىلىش
ئۇچۇن ئەمەلىيەتتىن ئەمەس، بەلكى ئاسار ئەتىقە ئورۇنلى-
رىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆرۈپ، پەرەز بىلەن
چۈشىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇڭا بىز مەدەنىيەت ئەھلى
بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، مەدەنىي مىراسلىرىمىزغا، ئېسىل
سەنئەت ئەنئەنىمىزگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز، مەشرىپىمىز-
نىڭ خاسلىقىنى ساقلاپ يۈكسەلدۈرۈشىمىز، گۈللەندۈرۈ-
شىمىز، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر مەشرىپىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ-
گۈشتەرنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ، يۇرتىمىزنىڭ مەدەنىيەت
تەرەققىياتىغا ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن روناق تېپىپ، تې-
خىمۇ يۈكسىلىشىگە تېگىشلىك ھەسسە قوشۇشىمىز لازىم.

(ئاپتور: كۇچا ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

MIRAS



# ئۆزگىلەردىن ئۆزىمىزگە نەزەر*

ئابدۇقادىر جالالىدىن

▲ تاموژنىدىكى تۈرلۈك رەسمىيەتلەر ۋە تەكشۈرۈشلەر ئاخىرلىشىپ، ئايروپىلانغا چىقتۇق. چىققىنىمىز پاكىستاننىڭ ئايروپىلانى ئىدى. ئايروپىلان كۈتكۈچىلىرىنىڭ ئىچىدە قىزلارمۇ، ئوتتۇرا ياشتىكى ئاياللارمۇ، ئەرلەرمۇ بار ئىكەن. بەزى ئەرلەر ھەتتا 40 ـ 50 ياشلار چامىسىدا ئىكەن. مەن ئەسكەردىن قايتقان ئەرلەرمۇ ئايروپىلان مۇلازىمەتچىلىكىنى قىلسا كېرەك، دەپ قىياس قىلدىم. مۇلازىم ئاياللار پاكىستاننىڭ مىللىيچە كىيىملىرىنى كىيىشكەن بولۇپ، بەزىلىرى ھارغىن، بەزىلىرى سالقىن كۆرۈنەتتى، ئۇلار بىزدەك يولۇچىلارنى كۆپ كۆرگەچكە ھەم بۇ ھاۋا يوللىرىدا كۆپ ماڭغاچقا، ئەتراپىدىكى ئادەملەرگە بىر خىل ئىشتىياقنىڭ تۈرتكىسىدە مۇلازىمەت قىلماستىن، بەلكى مەجبۇرىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە مۇلازىمەت قىلسا كېرەك. نېمىلا دېگەن بىلەن پاكىستاننىڭ مىللىيچە مۇلازىمەتلىرى كۆزۈمگە خېلى ئىسسىق كۆرۈندى. بۇنداق سىياقتىكى پاكىستان ئاياللىرىنى «مىراسخور» دېگەن تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدە كۆرگەنىدىم، ئۇيغۇر جەمئىيىتى پاكىستان فىلىملىرىگە ھېرىسمەن بولغاچقا، پاكىستان تۇرمۇشىدىكى ئوبرازلار كۆزۈمگە سىڭىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئالدىمدىكى سىمالار گەرچە ماڭا يات بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنچە ياتسىرىماي كەتمىدىم.

ئايروپىلاندىكى مۇلازىمەتچىلەرنىڭ مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرى ئۆزىنىڭ مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن ئاللىبۇرۇن خوشلاشقان ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرىنى ئىسمىگە سالدى. ئۇلار ئىچكىرى ئۆلكىلەردە تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىشنى، كوچىدا كېتىۋېتىپ بىر نەرسە يېيىشنى، كاسسىنى دۇتاردەك، پاچىقىنى تەمبۇرنىڭ دەستىسىدەك چىقىرىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ كەتتى. يات ئىقلىملاردىن كەلتۈرۈلگەن كىيىم ۋە چاچ پاسونلىرى، قىلىق ـ ئادەتلەر شەھەرلەشكەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ رومانتىك ئىستېمال بۇيۇملىرىغا ئايلىنىپ، مىللىي كىيىم ـ كېچەكلەر سەھرادىن دېرەك بېرىدىغان بولۇپ قالدى. گۈزەل ۋە رەڭدار مىللىي كىيىم ـ كېچەكلەر خىلۋەت سەھرالىرىمىزدا ۋە سەھنىلىرىمىزدىلا قالدى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرما بولغان ھالدا خەلقئارا ھاۋا قاتنىشىنىڭ مۇلازىمەتلىرى بولمىش پاكىستان ئاياللىرىنىڭ ئۈچىسىدا مىللىي كىيىم تۇراتتى. خۇلاسە شۇكى، ئۇيغۇرلار زامانىۋىلىشىشنى كىيىم ـ كېچەك ۋە يېمەك ـ ئىچمەكتىن باشلاپ، بۇنى باشقىلارغا تەقلىد قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان. باشقىلار بولسا زامانىۋىلىشىشنى ھوقۇق، مەجبۇرىيەت، تەپەككۇردىن باشلىغان، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىملىرى زامانىۋى قاتناش ۋاستىسى بولمىش ئايروپىلانغا پۇتلاشمىغان، بەلكى بۇ مىللىي ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇلغان. مىللىي ئوبراز بازار ۋە ئىستېمالىزىم دەۋرىدىكى چوڭ كوزىر بولۇپ قالدى. كىشىلەر ھازىر ئوبرازدىن كېلىدىغان ئېستېتىك سەزگۈنى پۇلغا ئايلاندۇرىدىغان بولۇپ كەتتى.

▲ پويىزدا مەيلى ئولتۇرغانلارنىڭ بولسۇن، مەيلى ئۆرە تۇرغانلارنىڭ بولسۇن قولىدا كىتاب، گېزىت، ژۇرنال بار ئىدى، بەزىلەر ئولتۇرغان يېرىدىلا ئۇخلاپ قال-

---

* ماۋزۇ مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى

غانىدى، تېلېفون ئۇرغان ياكى تېلېفون قوبۇل قىلغانلارنى
زادىلا ئۇچراتمىدىم، يانفون شۇنچە ئومۇملاشقان بۇ سا-
نائەت ئېلىدە كىشىلەر تېلېفون ھەققىدە بىردەك جامائەت
ئەخلاقىنى يېتىلدۈرگەن بولسا كېرەك. بىزدە تېلېفون
ئۈزىمىزنىڭ مەدەنىيەتلىك ئىستېمالچى ئىكەنلىكىمىزنى
كۆز ـ كۆز قىلىدىغان كوزىر، كىشىلەر يانفوندا سۆزلىشى-
ۋاتقاندا كۆزنىڭ قىرى بىلەن ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ
قويىدۇ ياكى تېخىمۇ غادىيىۋالىدۇ. ئۇلار ئەتراپىدىكىلەر-
نىڭ ئۆزىگە ھەۋەسلىنىپ قاراپ تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ،
ئەگەر بۇنداق مەنزىرىنى ئۇچرىتالمىسا ھەپىلىسى ئۇ-
چىدۇ، ياپونلار بىر ـ بىرى بىلەن پاراڭلاشمايتتى. مەن
توكيودىكى بىر سائەتلىك بۇ تۇنجى پويىز سەپىرىمدە
ئۇنلۇك پاراڭ سېلىشقان ئادەملەرنى كۆرمىدىم. پويىزدا
كىتۇۋېتىپ ماتېرىيال كۆرۈش تەبىئىي بىر ئادەتتەك قى-
لاتتى، كىتابلار ئاساسەن يانچۇق كىتابى بولۇپ، ۋاراقلار
تېز سىزما كۆرۈنۈشلىرى ياكى سىدام سىزمىلار بىلەن
تولغان، ئازغىنە يېرىگە خەتلەر بېسىلغان، بىرەر ئىككى
سائەتلىك مۇساپىدىلا بۇنداق كىتابتىن بىرنى بىمالال ئو-
قۇپ تۈگەتكىلى بولاتتى، مەيلى پويىزنىڭ سۈرئىتى،
مەيلى كىشىلەرنىڭ قىياپىتىدىن بولسۇن، ۋاقىتنىڭ قىسلى-
قىدىن دېرەك بېرىدىغان ئالامەتلەرنى كۆرگىلى بولاتتى.
كىتابلار بىر بولسا چوڭ كىتابلارنىڭ جەۋھىرى، بىر بولسا
مەلۇم ساھەگە مۇناسىۋەتلىك قوللانمىنىڭ شەرھى بولسا
كېرەك، دەپ ئويلىدىم. ئەمەلىي ئىشلىتىش ئۈنۈمىگە ئىگە
نەرسىلەرنى ئوقۇش ئەقلىي مىللەت كىتابخانلىرىنىڭ بە-
رىنچى تاللىشى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. پويىزدا ئۇخلاپ
ئولتۇرغانلار ئايالىمنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، بىر شىركەتتى-
كى ئىشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، يەنە بىر شىركەتكە ماڭغانلار
ياكى ئوقۇشقا، كۇرسقا ماڭغانلار بولۇشى مۇمكىن ئىكەن،
بۇ ئۇلارنىڭ ئۇخلىشى ئۈچۈن مۇھىم پۇرسەت ئىكەن.
ئۇلار ئۇخلاشقا ناھايىتى ئۇستا بولۇپ، بارارگاھقا يېقىن-
لاشقان ھامان ئويغىنالايدىكەن، بەزى بېكەتلەردىن
توپ ـ توپ مومايلار چىقتى، ئۇلار ئولتۇرىدىغان جاي
بولمىسا ئۆرە تۇرۇپ مېڭىۋېرەتتى، ياشلار ئۇلارنى كۆ-
رۈپ تۇرۇپمۇ، ئۇلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىشمىدى. مەن
ئايالىمدىن «بۇ نېمە ئىش؟» دەپ سورىدىم، ئايالىمنىڭ

دېيىشىچە، ئۇنداق قىلغاندا مومايلار رەنجىپ قالىدىكەن،
ئۇلارغا ئورۇن بەرگەنلىك ئۇلارنى كەمسىتكەنلىك بولى-
دىكەن. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران بولدۇم، قېرىلىق-
تىكى ئاجىزلىق تەندە ھەم خاراكتېردە تەڭ مەۋجۇت بو-
لىدۇ. لېكىن بۇ مومايلار قېرىلىقتىكى ئاجىزلىقنى غۇرۇر
ۋە خاراكتېر ئۈستۈنلۈكى بىلەن زىننەتلىگەندەك قىلاتتى.

▲ شىنجۇكۇغا يېتىپ باردۇق، بۇ يەر شىركەت ۋە
سودا سارايلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن بىر رايون ئىكەن،
ماگىزىنلىرى تېخىمۇ ئازادە، تاۋارلىرى تېخىمۇ ئالىيتە
ئىكەن، ئۇ يەر ـ بۇ يەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ كەچ كىرىشكە
باشلىدى، بىنالارنىڭ گەۋدىسىدىكى ئالىيىشىل داۋراڭ
چىراغلىرى گۈگۈم قوينىدا ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىك جۇلالى-
سىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. رەستىلەردە ئايىغى ئۈزۈل-
مەي مېڭىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ چىراغلىرىدىن ئېقىۋاتقان
بىر نۇر دولقۇنى ھاسىل بولۇپ، كۆزلەرنى ئالىچەكمەن
قىلاتتى، ئادەملەر نەلەرگىدۇر ئالدىرىشاتتى، بىر پەس
يېغىپ يوقاپ كەتكەن يۇپقا يامغۇرنىڭ تەسىرىدىن ھاۋا
بىر ئاز سالقىنلاپ قالغانىدى. ئەرلەرنىڭ ئۇچىدە شىم ـ
كاستۇم كىيگەنلەرمۇ، راھەت كىيىم كىيگەنلەرمۇ بار ئىدى.
لېكىن راھەت كىيىم كىيگەنلەر كۆپ ئىدى، ئېيتىلىشىچە، بۇ
يەردە شىركەت ياكى ھۆكۈمەت خادىملىرى شىم ـ كاستۇم
كىيىپ يۈرىدىكەن. قىزلارنىڭ كىيىنىشلىرىگىمۇ قاراپ
باقتىم، كوچىدا كېتىۋاتقان قىز ـ ئاياللارنىڭ شۇنچە كۆپ-
لۈكىگە قارىماي، ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى بىر ـ بە-
رىگە زىنھار ئوخشىمايتتى، قىزلارنىڭ گىرىمى سۇس بو-
لۇپ، كىيىملىرىمۇ يارقىن رەڭدە بولۇپ كەتمەيدىكەن،
قۇرامى ئۇلغايغانسېرى ئاياللار گىرىمگە بەكرەك ئەھمى-
يەت بەرسە كېرەك. ئوتتۇرا ياشتىن بىر ئاز تۆۋەن ياش-
تىكى ئاياللار ئۆزلىرىنى خېلى تۈجۈپلەپ پەردازلايدى-
كەن، ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكىلەر تېخىمۇ ئوچۇق
رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىدىكەن، ئاياللار كىيىم ئارقىلىق
ئۆزىنىڭ خاراكتېرىنى ۋە ئىنتىلىشلىرىنى نامايان قىلىشنى
ياخشى كۆرگەچكە، بىر ـ بىرىنى دوراپ كىيىم كىيىشتىن
خالىي بولسا كېرەك. بەزى قىزلار كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ
رەڭلىرىنى ماسلاشتۇرۇشقا ئۇنچە ئۇرۇنۇپ كەتمىگەن،
ئېتەك ۋە پەشلىرىنىڭ تولۇق سىممېترىك بولۇشىنى، ئۇ-

www.uyghurkitap.com



زۇن - قىسقىلىقى، كەڭ - تارلىقىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىنى ئويلىشىپ كەتمىگەندەك تۇراتتى. لېكىن بۇ هال، بۇ قىياپەت ئۇلارغا شۇنچە ياراشقاندەك بىلىندى، رەڭدىمۇ بىر خىل يوشۇرۇن قابىلىيەت بولىدۇ، ئۇ باشقا رەڭلەر بىلەن بىر يەرگە كەلگەندە، ھەتتا رەسساملارمۇ ئويلاپ يېتەلمىگەن گۈزەللىك ئۈنۈمىنى پەيدا قىلالايدۇ. لېكىن، ئادەملەر رەڭلەرنى سۈنئىي ماسلاشتۇرۇشقا، ئۇنىڭغا بىرەر ئىجتىمائىي مەنا بېرىشكە ئۇرۇنغاچقا، رەڭنىڭ ئۆزىدىكى تەبىئىي تىلىنى، رەڭ بىلەن رەڭ ئوتتۇرىسىدىكى يولنى چۈشەنمەس بولۇپ قالغان. مەن كىيىمنى خاراكتېرگە لايىقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغان ياپون قىزلىرىنىڭ ئەپتىگە قاراپ، ئەڭ يارىشىملىق كىيىم لاتا ئەمەس، خاراكتېر ئەركىنلىكى دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم.

بەزى قىزلار پادىچى ئىشتىنىنىڭ ئۈستىگە داكىدەك نېپىز رەختتىن يوپكا كىيىۋالغاندى، بۇنداق قىزلار كۆزۈمگە پات - پات چېلىقتى، ئېيتىلىشىچە، بۇ هازىر ئېقىۋاتقان مودىلارنىڭ بىرى ئىكەن، بۇ كىيىم بالىلىق مەزگىلىمدىكى ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ كىيىنىشىنى ئېسىمگە [illegible]دى، ئۇ چاغلاردا قىزلار ئىشتاننىڭ ئۈستىگە كۆڭلەك كىيەتتى، ئۇزۇن پايپاق كىيىش كېيىنكى مەزگىللەردە پەيدا بولغان بولۇپ، ئىشتان ئۈستىگە كۆڭلەك كىيگەنلەر «سەھرالىق» دەپ زاڭلىق قىلىنىدىغان بولدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۇماق، دوپپا، يەكتەك كىيگەنلەر ھېچنەرسە ئۇقمايدىغان، گالۋاڭ، پاڭقۇش بولۇپ كۆرۈنىدىغان بولدى، مانا هازىر ئىشتان كىيىپ، كۆڭلەك كىيمەسلىك ئۆزىنى شەھەرلىك ھېسابلايدىغان قىز - ئاياللىرىمىزنىڭ ئىپتىخارىغا ئايلاندى. سەمرىپ، قوش ئېڭەك سېلىپ ساغرىلىرى دولان قويىنىڭ قۇيرۇقىدەك تىقىلىپ كەتكەن سېمىز خوتۇنلارمۇ كۆڭلەكسىز هالدا قۇيرۇقى يوق مېكىياندەك يۈرۈشىدىغان بولدى، مانا بۇ ئۆز - ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈگەن بىر ئەۋلادنىڭ ھېچنېمىسىنى پەرق قىلمىغان هالدا ياتلارنىڭ مەدەنىيىتىگە دۇم چۈشۈشىدۇر، ئۇيغۇر قىزلىرى تاشلىۋەتكەن كىيىم پاسونى توكيونىڭ مودا قىزلىرىنىڭ ئۇچىسىدا تۇراتتى، بۇنىڭغا بىزنىڭ مودا قىزلىرىمىز قانداق نەزەر بىلەن قارايدىكىن؟



ياپونىيە ئاياللىرى بىر - بىرىنىڭ كىيىمگە سەپسېلىپ، بىر - بىرىنىڭ قىممىتىنى ئۇچىسىدىكى لاتا ۋە مېتاللار بىلەن باھالايدىغان سەۋىيىدىن ئاللىبۇرۇن خوشلاشقان بولسا كېرەك، ئۇلار كىيىمنى كۆز - كۆز قىلىش رەۋىشىدە ئەمەس، بەلكى ئىنسانىي ھۆزۈر سۈپىتىدە كىيىدىغاندەك تۇراتتى. كىيىم ئۇلار ئۈچۈن خاراكتېردىكى ئاجىزلىقىنى بېزەيدىغان ئالامەت ئەمەس ئىدى، بەلكى بىر خىل تۇرمۇش سەنئىتى ئىدى. بىنادا ئۆزىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كېتىۋاتقان ئادەم مېڭىۋاتقان پەشتاقنى ئىسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ، كىيىم - كېچەككە كۆزى تويغان ئادەملەر ئۈچۈن كىيىممۇ ئەنە شۇنداق نەرسە، كىيىم - كېچەك ئارقىلىق ئۆزىنى ھېسابقا ئۆتكۈزۈش ئەمەلىيەتتە نامراتلىقنىڭ يەنە بىر شەكلى بولۇپ، كىيىمگە بولغان مەستانىلىق ئىنساننىڭ خاراكتېرى ۋە ۋۇجۇدىدىكى بىباھا گۈزەللىكنى خاراب قىلىدۇ، بۇ خۇددى كۆزىنى ئويۇپ بېرىش بەدىلىگە كۆزەينەككە ئېرىشىشكە ئوخشايدۇ.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا» ناملىق كىتابىدىن تەييارلاندى.

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن



# مومامنىڭ شىپالىق دورىلىرى*

كامال ھېسامىدىنوف (قازاقستان)

### ئىسلاپ داۋالاش

ئۇيغۇر خەلق تېبابىتىدە بەزى يەل ـ يارىلارنى ئىسلاپ داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ بارلىقىدىن خەۋىرىم بار. لېكىن ئۇنى قانداق ئۇسۇلدا قانداق داۋالايدىغانلىقىنى، ئىسلاش ئۈچۈن نېمىلەرنىڭ لازىملىقىنى كۆرگىنىممۇ، ئاڭلىغىنىممۇ يوق دېسەم خاتالاشمايمەن. خېلى ـ خېلىسىدىن سۈرۈشتۈرۈپ كۆردۈم. ئەمما يۇرتىم ئۇسسۇزلۇقى قانغىدەك بىر نەرسە ئاڭلىيالمىدىم. ھەممىگە مەلۇمكى، كۆرمىگەن، بىلمىگەن نەرسە توغرىسىدا بىر نەرسە يېزىش ياكى بىمارلارغا تەكلىپ قىلىش مۇمكىن ئەمەسقۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقتە تا شۇ كۈنگىچە ئېغىز ئاچماي كەلگەنىدىم.

مۇشۇ يېقىندا يېشى 40 نىڭ ئەتراپىغا بېرىپ قالغان، ئوتتۇرا بوي، ئاق سېرىق، چىرايى ئىللىق، ھەر نەرسىنى دىققەت بىلەن تىڭشاشنى بىلىدىغان، خۇش پېئىل بىمار جۇۋان ئالدىمغا كەلدى. ئىلمىي مېدىتسىنادىن خەۋىرى بار مەزكۇر بىمار بىلەن ئۇزاق بىللە ئولتۇرۇپ سالامەتلىكىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى توغرىسىدا سۆھبەتلىشىپ قالدىم. گەپتىن گەپ چىقىپ ئۇ تا بۇ يىلقى ئەتىياز پەسلىگە قەدەر ئۆزىنىڭ بۇرۇن يالۇغدىن قانچىلىك ئازابلانغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

—ئەتىياز كېلىپ گىياھلار ئۆسۈشكە باشلىشى بىلەنلا ھالىم خارابلىشاتتى،—دەيدۇ ئۇ،—چۈشكۈرىمەن، بۇرنۇمدىن سۇ ئاقىدۇ. ئەسنەپ ئېزىلىمەندە، يورۇق دۇنيا ماڭا قاراڭغۇ كۆرۈنىدۇ. ئىلمىي تېبابەت ئاساسىدا جىق تەكشۈرۈشلەردىن ئۆتتۈم. زامانىۋى تېخنىكا، دورا ـ دەرمەكلەردىن پايدىلىنىپ داۋالاندىم. شۇ ساھەنىڭ ئادىمى بولغىنىم ئۈچۈن جىق تىرىشتىم. بەختكە قارشى زامانىۋى لور مېنىڭ ئاغرىقىم بىلەن كۈچ ئېلىشالمىدى. ئۆزىڭىز

---

* بېشى ئۆتكەن ساندا

تەكتىلىگەندەك، دىئاگنوز توغرا قويۇلمىسا، ھەممىسى بىر تىيىن. قىشلىقى ياخشى، باھار كېلىشى بىلەن يەنە ماشىلدىغىنىم ماشىلدىغان، چۈشكۈرگۈنۈم، چۈشكۈرگەن. خۇددى پاختا تىقىپ قويغاندەك دىمىقىم پۈتەتتى. بەزىدە ھەتتا بۇ جاندىن تويغانمۇ كۆڭلۈم بولدى، نېمىسىنى يوشۇراي. چۈنكى ۋۇجۇدۇمدىكى ھارغىنلىق بەدىنىمدىكى ئېزىلەڭگۈلۈك قىينايتتى. مېنىڭ ئەھۋالىمنى پەقەت بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئادەمنىڭلا چۈشىنىشى مۇمكىن. ھازىر ياخشىمەن.

—ئۆز ـ ئۆزىدىن ياخشى بولدىمۇ، يا بىر نەرسە سەۋەب بولدىمۇ؟

—دۇنيادا ئۆزىدىن ئۆزى بولىدىغان نېمە بار؟ ئۇدىلىمىغانلا يەردىن ھايات تەجرىبىسى مول بىر ئاق چاچلىق موماي بىلەن سۆھبەتلىشىپ قالدىم. ئۇ ماڭا سېرىق ھەرىنىڭ كونا ئۇۋىسىنى كۆيدۈرۈپ، شۇنىڭ ئىسىنى پۇراشنى تەكلىپ قىلدى. مانا شۇنىڭدىن بۇيان ئارىدىن ئىككى ئاي ۋاقىت ئۆتتى، ياخشىمەن. ئېھتىمالىم، پەسىللىك قوزغىلىدىغان بۇرۇن ياللۇغىغا بۇنىڭدىنمۇ ياخشى دورا بولمىسا كېرەك. بۇ سىزنىڭمۇ يادىڭىزدا بولىدىغان نەرسە. ئۇنداق دېگىنىمدىكى سەۋەب، ھازىر مەدەت سوراپ سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كەلگۈچىلەرمۇ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ.

—ئۇ دېگىنىڭىز توغرا. بىراق مەن بۇ دورىنى بىرىگە تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزۈم سىناپ كۆرۈشۈم كېرەك. ئەمما، بىرىنچىدىن، ھازىرغا قەدەر مېنىڭدە ئۇنداق ئاغرىق يوق؛ ئىككىنچىدىن، ھەرىنىڭ ئۇۋىسىنى تېپىشىم كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دورىنى خېلى ئۇزاقتىن كېيىن سىناقتىن ئۆتكۈزۈشۈم مۇمكىن.

—سىناق دېگەن مانا مەنغۇ، كامالىدىن ئاكا؟ شۇ دورا بىلەن دىمىقىم ئېچىلدى، بۇرنۇمدىن سۇ ئېقىش توختىدى، ئېزىلەڭگۈلۈك قالدى. يەنە نېمە كېرەك؟ گۇۋاھچى ئالدىڭىزدا تۇرسا، سىناق مەيدانىنى ئىزدەپ نەگە باراتتىڭىز؟

گۈلجاھاننىڭ تەلپىمۇ، مەسلىھەتىمۇ ئورۇنلۇق. شۇنداق بولسىمۇ، ئىچىمدە ئۆز ئادىتىمنى بۇزغۇم كەلمىدى. ئىشتىن ئۆيگە قايتتىم. لېكىن گۈلجاھاننىڭ ھېكايىسى بېشىمدىن ھېچ نېرى كېتىدىغاندەك ئەمەس. ھېلىدىن ھېلى پەقەت شۇ يادىمغا كېلەتتى. راست، بۈگۈنكى ئاتموسفېرا ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان مۇھىت ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە بۇلغانغان بىر مەزگىلدە زېمىندا بۇرۇن ياللۇغىنىڭ ئازابىنى تارتىۋاتقان بەندىلەر ئاز ئەمەس. گۈلجاھان خېنىمنىڭ ئۇسۇلى شۇلارنىڭ بىرىگە بولمىسىمۇ بىرىگە يېقىپ قالسا نۇر ئۈستىگە نۇر بولمامدۇ؟

شۇ ھەقتە ئويلاپ ئولتۇرۇپ قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

ئىسلاپ داۋالاش پەقەت بۇرۇن بىلەنلا پۈتمەيدۇ. تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە تاماقنى، بالياتقۇنى ئىسلاپ داۋالاش ئۇسۇلىمۇ بار. بىلىدىغان گېزىتخانىلار ئېرىنمەي بۇ توغرىدا بىلىدىغانلىرىنى يېزىپ تۇرسا ئالەم گۈلىستان بولغان بولاتتى.

### بىلىپ قويغاننىڭ زىيىنى يوق

يۇقىرىدىكى بابلاردا باش ئاغرىقىنى داۋالاش ئۈچۈن نېمە قىلىش لازىملىقى توغرىسىدا ئۆزىمىز بىلىدىغان ۋە ئاڭلىغان بەزى كونكرېت ئۇسۇللار ھەققىدە ھېكايە قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن چەكلەنسەك بولاتتى. لېكىن بۇ ئاغرىقنىڭ كۆپلۈكى، ئۇنىڭدىن دەرد تارتىۋاتقان بىمارلارنىڭ ھەر قەدەمدە دېگۈدەك ئۇچرىشىپ ھال ئېيتىشى داۋالاشنىڭ بۇ ئۇسۇلى توغرىسىدا يەنىمۇ باشقا يېڭى ئۇسۇللارنىڭ بارلىقىنى ھېكايە قىلىشىمىزغا مەجبۇرلىدى.

ھەممىگە مەلۇمكى ياز ئايلىرى قېرىقىز ئۆسمەيدىغان يەر يوق. بىراق ئۇنىڭ باش ئاغرىقىنى داۋالاش خۇسۇسىيىتىنىڭ بارلىقىنى نۇرغۇن كىشىلەر بىلمەيدىكەن. دورا قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆسۈپ تۇرغان يوپۇرمىقى ئۈزۈپ ئېلىنىدۇ ھەمدە شىرە ـ ئۈستەل دېگەندەك تەكشى نەرسىگە قويۇلۇپ ئۈستىدىن سىكىلەك خېمىر يايغاندەك يۆرگۈزۈلىدۇ. شۇ يوپۇرماقتىكى تومۇرلار ئېزىلىپ، باشقا ئەنە شۇ تومۇرى ئېزىلىپ كۈن تەگمىگەن تەرىپى قويۇلىدۇ. ئەرلەر ئۇنىڭ ئۈستىگە لاتىدىن تىكىلگەن شەپكىنى (ئۇ بولمىسا ياغلىق تېڭىۋالسىمۇ بولىدۇ) بېشىغا كىيىدۇ. ئاياللار ئادەتتىكىدەك ياغلىق تېڭىۋالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يېتىش كېرەك. سەلدىن كېيىن ئادەم ئېزىلىپ ئۇخلاپ قالىدۇ.

قېرىقىز يوپۇرمىقىنى ئېرىنمەستىن كۈنىگە ئۈچ قېتىم يېڭىلىغان ياخشى. شۇنداقلا باش ئاغرىقى قويۇپ بېرىدۇ. بىمارنىڭ كەيپىياتى ئوڭشىلىدۇ.

ئۇزاققا سوزۇلغان باش ئاغرىقىنى داۋالاشنىڭ بۇ ئاددىي چارىسىنى مېنىڭ ئالدىمغا مەدەت سوراپ كەلگەن گۈلجاھان ئىسىملىك بىر جۇۋان سۆزلەپ بەردى.

ـــ بېشىم ئاغرىپ كۆزۈمنى ئاچالمايتتىم، ـــ دەيدۇ ئۇ، ـــ ئاپام رەھمەتلىكنىڭ نەدىن ۋە كىمدىن ئۆگەنگىنىنى ئەسلىيەلمەيمەن. ئۇ ۋاقىتتا مەن ياش، ئىككىنچىدىن، باش ئاغرىقى دەردىدە ئۇنى سورىۋالمىغان ئىكەنمەن. ئاپام چىغىرتماق گۈلى ئۈسۈپ تۇرغان يەرنىڭ توپىسىنى ئېلىپ كەلدى ـ دە، خېمىر قىلىپ بېشىمغا، پېشانەمگە چاپلاپ ياتقۇزۇپ قويدى. خاتالاشمىسام 10 ـ 15 مىنۇت ياتقاندىمەن. ئەجەبلىنەرلىكى، شۇ ۋاقىتقىچە باشقا دورىلار كار قىلمىغان بېشىمنىڭ ئاغرىقى چىغىرتماق گۈلى تۈۋىدىن ئېلىنغان توپىنى بىر قېتىم چاپلاش بىلەنلا ساقايدى. مانا شۇنىڭدىن بۇيان نۇرغۇن يىللار ئۆتتى. ئەمما بېشىمنىڭ ئاغرىغىنىنى بىلمەيمەن.

ئېشەنچىم كامىلكى، بۇمۇ خەلق تېبابىتىدە ئۇزاق يىللار بويى ھايات سىناقلىرىدىن بىزگە يېتىپ كەلگەن ئۇسۇل. كېيىنكى يىللىرى سۇنئىي ئۇسۇللارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئۇمۇ كىشىلەر خاتىرىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. يەر قوينىدا ئىنساننىڭ ئېغىرىنى يېنىكلەشتۈرىدىغان يەنە قانداق نېمىلەر بار. لېكىن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى بىزگە مەلۇم ئەمەس. بىلىدىغانلار ئاللىقاچان ھاياتتىن ئۆتكەن.

گۈلجاھان ئېيتىپ بەرگەن بۇ دورىنىڭ باشقىمۇ يەنە نۇرغۇن بىمارلارنىڭ ئېغىرىنى يېنىكلەشتۈرۈشىدە شەك يوق. ئانا يەرنىڭ بىزنى نائۇمىد قويمايدىغانلىقى ئېنىق.

**باش ئاغرىقىنى داۋالاش توغرىسىدا ئېنىق گەپ**

بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرى مەرھۇم قەلەمداش ئاغىنىمىز ھېزمەت ئابدۇللىن: «مۇشۇ بىزنىڭ ئۇيغۇرلار قىزىق خەق، بىر نەرسىنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى قويماي ئېيتىپ بەرمىسەڭ، ئۆزى بىلىپ بىر ئىشنى ئاخىرىغا چىقىرالمايدۇ» دەپ ناھايىتى ۋايىسغانلىقى يادىمدا. بۈگۈن شۇ گەپنى مېنىڭ تەكرارلىشىمغا توغرا كېلىۋاتىدۇ. ئۇنداق بولغىنى: شىپالىق گىياھلار ھەققىدە ھېكايە قىلغىنىمدا، باش ئاغرىقىدا قانداق گىياھلارنى ئىشلەتسە بولىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئۇسۇللىرى، مىقدارى توغرىسىدا ئېيتقانىدىم. شۇنىڭغا قارىماي بەزىلەر: «باش ئاغرىقى توغرىسىدا ئېنىق بىر نەرسە دېمىدىڭىز، يا يادىڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ قالدىمۇ؟» دەپ مېنى خاۋاتىر قىلىدۇ. راست مەن بۇ ئاغرىق توغرىسىدا ئالاھىدە بىر ماۋزۇدا توختالمىسامىمۇ، گىياھلار توغرىسىدا ئۇ ھەقتە گەپ قىلغانىدىم. كېيىنرەك باش ئاغرىقىنى داۋالاش ئۇسۇلىنى مەخسۇس بىر بابتا ھېكايە قىلىشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم.

مال يېمەس (مىلىسسا) چۆپتىن 15 گرام ئېلىپ، ئۇنى بىر ئىستاكان قايناق سۇدا دەملەڭ. دەملىگەندە ئۇ قاچىنى لۆڭگە قاتارلىق نەرسە بىلەن ئوراپ قويۇڭ، دورا ئاستا ۋە كۆڭۈلدىكىدەك دەملىنىدۇ. 30 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن سۈزۈپ، تىرىپىنى تاشلىۋېتىپ، سۈيىنى بوتۇلكا قاچىغا ئېلىۋېلىڭ. ئۇنى كۈنىگە بەش ـ ئالتە قېتىم، خالىسىڭىز بىر، خالىسىڭىز چوڭ قوشۇقتا ئىككى قوشۇق ئىچىڭ. ئەكسىچە تەسىرى يوق. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ پەقەت باش ئاغرىقىنى توختىتىپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرەك، بېغىر ئاغرىغاندا، يۈرەك قاتتىق سوققاندا، ئۇيقۇسىزلىققا، كىندىك (ئىچ) مۇجۇغاندا، ئۇچەي كۆپكەندە، بۆرەك ئاغرىغاندا، باش قايغاندا، قۇلاق غوڭۇلدىغاندا، قان ئازلىقتا، ئەسەبنى بېسىش مەقسىتىدە ئىشلەتسىمۇ ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

بىز «شىپالىق يۈز ئون گىياھ»تا باش ئاغرىقىنى كېيىك ئوتى قايناتمىسى بىلەن يۇيۇپ داۋالاش ئۇسۇلى توغرىسىدا ھېكايە قىلغان. يەنە تەكرارلايمەن. بۇ قايناتما بىلەن باشنى يۇيغاندىن كېيىن باشنى ياغلىق بىلەن ئوراپ تېڭىۋېلىش كېرەك. شۇنىڭدا باش تەرلەپ ساقىيىدۇ. ئەگەر بۇ ئۇسۇلنى ئېغىر كۆرسىڭىز چوڭ قوشۇقتا بىر قوشۇق كېيىك ئوتىنى يېرىم لىتىر سۇدا 30 مىنۇت ئوراپ دەملەڭ. بۇ دەملەنمە كۈنىگە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم يېرىم ياكى بىر ئىستاكاندىن ئىچىلىدۇ. ئاگاھلاندۇرۇپ قويىدىغان نەرسە بۇ دەملەنمىنى ھامىلدار ئاياللار ئىچىشكە مۇتلەق بولمايدۇ.

مۇبادا بېشىڭىز بۇنىڭدىمۇ توختىمىسا كۆك ياكى قارا چايدىن ئاچچىق دەملەپ، ئۇنىڭغا بىر چىمدىم يالپۇز سېلىپ سەل تۇرغۇزۇپ ئارا چىنىدە بىر ياكى بىر ئىستاكان ئىچىۋېتىڭ. 15 ـ 20 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن باش يېنىكلىشىدۇ.

«شىپالىق يۈز ئون گىياھ»تا تەكىتلىگىنىمىزدەك نۇرغۇن كىشىلەر باش ئاغرىغاندا ياش كاپۇستىنىڭ

پوستىنى سويۇۋېلىپ باشقا قويىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاياللار ياغلىق تاڭىدۇ، ئەرلەر باش كىيىمى كىيىۋالىدۇ.

### زىققىنى مۇمىيا بىلەن داۋالاش

ماڭا ھېكايە قىلىپ بەرگۈچىلەرنىڭ گېپى راست بولسا، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قايناتمىسىغا دەملىگەن مۇمىيا زىققىغا ئەڭ ياخشى دورا ئىمىش. بۇنىڭ ئۈچۈن 500 مىللىگرام چۈچۈكبۇيا قايناتمىسىدا 0.5گرام مۇمىيانى دەملەش لازىم. بۇ دەملەنمىدىن چوڭلار 20 مىللىگرام (كىچىكلەر، سەككىز ياشتىن تۆۋەندىكى بالىلار، نورمىسى ئۇنىڭدىن ئازراق) ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى بىر قېتىم ئىچىشى شەرت. دەملەنمە توڭلاتقۇدا ساقلىنىدۇ.

### ماگنىت

بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى شىنجاڭغا تۇغقان يوقلاش مەقسىتىدە بارغان بۇرادەرلەر قان بېسىمى يۇقىرى قېرىنداشلىرىغا ياپونىنىڭ ماگنىتلىق سائىتىنى سوۋغا قىلىپ بېشىنى كۆككە يەتكۈزگەنىدى. ھەتتا بازاردا ئۇنىڭ باھاسىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋېدى. كېيىن ئۆزىمىزدە ئۇنىڭ باشقا تۈرلىرىمۇ كەشىپ قىلىنغان. ھەتتا قۇلاققا قىسىدىغان ماگنىتلىق كلىپسلارمۇ چىققانىدى. مۇشۇ قۇرلارنىڭ يازغۇچىسىمۇ ماگنىتلىق سائەت، كلىپسىنىمۇ پايدىلىنىپ كۆرگەن. بەختكە قارشى ئۇلار ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتكەن قان بېسىمى بىلەن كۈچ ئېلىشالمىدى. ئۇنى نورماللاشتۇرۇش ئۈچۈن باشقا ئۇسۇللار قوللىنىلدى.

كېيىنكى كۈنلەردە يۈرىكىم بەزىدە سانجىپ ئاغرىيدىغان بولۇۋالدى. ئاخىر ئويلاپ ـ ئويلاپ ماگنىت يادىمغا كەلدى. بىر پارچە ماگنىتنى ئېلىپ كۆڭلىكىمنىڭ تۆش يانچۇقىغا سېلىپ يۈرۈشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالدىم. دەسلەپكى كۈنلا ئۇنۇمى يۇقىرى بولدى دەپ ئېيتالمايمەن. تۇراقلىق يوسۇندا ئېسىپ يۈرسە يۈرەك پائالىيىتى بىر ئىزىغا چۈشىدىكەن. ياخشى يېرى يۈرەكنىڭ سانجىشى، گۈپۈلدىشى يوقالدى. بۇنىڭ ئادەم ئورگانىزمىغا بىرەر ئەكس تەسىرىمۇ كۆرۈلمىدى.

ئويلىنىپ قالدىم، ھاياتتا سۈيدۈك بەزلىرىگە، بۆرەككە سوغ تېگىپ دەرد تارتىۋاتقانلار ئاز ئەمەس. جىنسىي ئاغرىقلارغا ئۇچرىغان ئاياللارمۇ كۆپ. مېنىڭچە بولغاندا شۇنداق بىمارلار كىچىككىنە خالتا تىكىپ ئىچىگە ماگنىت پارچىسىدىن سېلىپ ئىچ كىيىمىنىڭ بىر يېرىگە، قەيەر ئاغرىسا شۇ يەرگە توغرا كەلتۈرۈپ تەنگە يېقىپ تىكىۋالسا جېنىنى قىيناۋاتقان ئاغرىقتىن قۇتۇلۇشى ئېھتىمال. خالتىنىڭ بەدەنگە يېقىن بولۇشى ماگنىتنىڭ بەدەنگە سۈركۈلۈشىگە ئاسان بولۇشى ئۈچۈندۇر. بۇ ئۇسۇلدىن ھامىلدار ئاياللار، قېنى قويۇق كىشىلەر پايدىلىنىشقا بولمايدۇ.

### قېرىلاردا بولىدىغان ماغدۇرسىزلىق

بۇ ئاغرىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ماي ئېيىدا يىغىشتۇرۇلغان ئۇرۇس چاققىقى ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن 200 گرام چاققاق يوپۇرمىقى، يېرىم لىتىر 50 ـ 60 گرادۇسلۇق ئىسپىرتتا دەملىنىدۇ. بوتۇلكىنىڭ ئاغزى داكا بىلەن باغلىنىدۇ. مەزكۇر دەملەنمە بىرىنچى كۈنى دېرىزىدە تۇرىدۇ، ئەتىسىدىن باشلاپ، يەنى سەككىز كۈن قاراڭغۇ ئىشكاپتا ساقلىنىدۇ. كېيىن ئۇنى سۈزۈپ ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم غىزا ـ تاماقتىن يېرىم سائەت ئىلگىرى، چاي قوشۇقتا بىر قوشۇقتىن ئىچىدۇ. شۇنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ئاخشىمى ئورۇنغا كىرىش ئالدىدىمۇ بىر چاي قوشۇق ئىچىلىدۇ. دورىنى تۈگىگىچە ئىچىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

بۇ دورىدىن كېيىن چوڭ ياشتىكى ئادەم ئۆزىنى ساغلام، تېمەن ھېس قىلىدۇ. يۈرەك پائالىيىتى ياخشىلىنىپ، قان تەركىبى ئوڭشىلىدۇ، ھەرىكەت يېنىكلىشىدۇ، ئۇنتۇغاقلىق يوقايدۇ.

### ئۇنۇمى يۇقىرى دورا

مۇشۇ يېقىندا تۇغقان يوقلاش مەقسىتىدە يۇرتقا بارغانىدىم. شۇندا ئاغىنىلەردىن بىرى قىزىق ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. يۇرتداشلاردىن بىرىنىڭ سەككىز ـ توققۇز ياشلاردىكى قىزى سېرىق ئاغرىق بىلەن ئاغرىپ ئاغرىقخانىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، بۇ ئاغرىقنى داۋالاشنىڭ خەلق ئارىسىدا باشقىمۇ نۇرغۇن ئۇسۇللىرى بار: يۇرتداش ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ ئىناۋەتكە ئالماي، تۇخۇم كاسا يىلتىزىدىن قايىنىتىپ، ئۇنىڭدىن يېرىم لىترلىق قاچىدا قىزىغا يەتكۈزۈپ بېرىپتۇ. قىز ئۇنى تۇراقلىق ئاز ـ ئازدىن ئىچىپ تۇرۇپتۇ. خۇدا شىپالىق بېرىپ ئۈچىنچى كۈنى بۇ قىزنىڭ پۈتكۈل بەدىنىگە تاراپ كەتكەن ئۆت سۇيۇقلۇقى قايتىدىن ئۆز خالتىسىغا چۈشۈپ بىمارنىڭ چىراي شەكلى ئەسلىگە كەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن

دوختۇر «ساڭا ئەمدى ئاغرىقخانىدا ئىش يوق» دەپ بىمارنى ئۆيىگە قايتۇرۇۋېتىپتۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا نەشر قىلىنغان تېبابەت كىتابلىرىدا كاسىنە، قازاقىستاندا بولسا تۇخۇم كاسا دەپ ئاتىلىدىغان مەزكۇر گىياھ سېرىق ئاغرىقىدا ئەنە شۇنداق يۇقىرى ئۈنۈمگە ئىگە. «كېرىكىڭنى كۈندە يېغ، ئايدا خىجالەت بولمايسەن» دېگەنىدەك مەزكۇر گىياھ يىلتىزىنى ياز ئايلىرى كولاپ قۇرۇتۇپ ئېلىپ قويسىڭىز، كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى بېشىڭىزغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدىغانلىقىدا شۈبھە يوق. كۆزگە ئىلمايدىغان گىياھ قېرىقىزنىڭ ئىنسان سالامەتلىكىنى مۇستەھكەملەشتىكى رولى، شىپالىق خۇسۇسىيىتى ھەققىدە «شىپالىق يۈز ئون گىياھ»دىمۇ، «سالامەتلىك ھەققىدە ھېكايىلەر»نىڭ يۇقىرىقى بابلىرىدىمۇ خېلى سۆز بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن گەپنى پۈتتى قىلسام بولاتتى، لېكىن مۇشۇ يېقىندا چونجا يېزىسىنىڭ تۇرغىنى، 60 ياشلىق شېرىيازدان ئامانوف دېگەن كىشىنىڭ ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىسى قەلەمنى قولۇمغا ئېلىشىمغا مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ.

سول پۇتۇمنىڭ ئوتتۇرانچىلىقىنىڭ ئۇرچۇقلۇق بىلەن تۇتاشقان يېرى ئاغرىپ يېتىپ قالدىم. دوختۇرلار «ۋېشنېۋسكايا مازى» دېگىننى بەردى. ئوكۇل سالدى. ھېچبولمىغاندا جېنىمغا ئارام بەرسىچۇ. ھەتتا ھاجەت ئۈچۈن تالاغا چىقىشتىن مەھرۇم بولدۇم. شۇ كۈنلەردە چونجىنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىدە يېقىن ئارىلىشىپ يۈرگەن بىر ئاغىنە كەنجى ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىغا چاقىرىپتۇ. ئۆيدىكىلەرگە: «سەن بولساڭمۇ بېرىپ كەل»، دېدىم. ئۇ تويدىن بىر قۇچاق قېرىقىز يوپۇرمىقىنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ. ئەجەبلىنىپ سورىدىم. ئاغىنەمنىڭ ئانىسى مېنى سورىغانىكەن، ئۆيدىكىلەر ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. شۇندا مىڭ ياشىغۇر موماي بېغىغا كىرىپ قېرىقىز يوپۇرمىقىنى يۇلۇپ چىقىپ، تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ. قېرىقىز يوپۇرمىقىنىڭ تومۇرلىرىنى موماي ئېيتقانىدەك سىكىلەك بىلەن ئېزىپ، چاتتىن تا ئوشۇققىچە چاپلاپ لاتا بىلەن ئوراپ ياتتىم. دورىنى ئاخشىمى ئىشلەتكەن. بىر ئاز دەم ئېلىپ ياتاي، ئاندىن يېشۈۋېتەي دېگەنىدىم. بەختكە يارىشا كۆزۈم ئىلىنىپ كېتىپتۇ. ئىككى - ئۈچ كۈن پۇت ئاغرىقىنىڭ دەردىدە كىرپىك قاقمىغان ئادەم قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەن، ئەتىگەندە بىرلا ئويغاندىم. ئويغىنىپ ئۆزۈمنى تىڭشاپ كۆرسەم، پۇتۇمدا ئاغرىق سېزىلمەيدۇ. ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئۆزۈمنى ئاغرىق كۆرمىگەن ئادەمدەك سېزدىم. ئاندىن لاتىنى يېشىپ يوپۇرماقلارنى ئېلىپ كۆردۇق. ئاغرىۋاتقان يەرگە قويۇلغان قېرىقىز يوپۇرمىقى قاپقارا بولۇپ پۇچۇلىنىپ كېتىپتۇ. باشقا يەرلەرگە تېگىلگەن يوپۇرماقلار بولسا، يېشىل پېتى تۇرۇپتۇ.

مانا شۇنىڭدىن بۇيان خېلى يىللار ئۆتتى، پۇت ئاغرىقى دېگەننى بىلمەيمەن. قىسقىسى، كامالىدىن ئاكا، ھېچكىم كۆزىگە ئىلمايدىغان نەرسە بىلەن جېنىم ئارام تاپتى.

ـــ قېرىقىز يوپۇرمىقىنى قانچە كۈن تارتتىڭلار؟

ـــ ئۈچ كېچە، دەسلەپكى كۈنىنىڭ ئۆزىدىلا ياخشى بولدى. شۇندىمۇ ئۈچ كۈن ئۇدا تارتتۇق. مۇشۇ كۈنلەردە بېغىمىزنىڭ چۆرىسىدە قېرىقىز ئۆسۈپ تۇرىدۇ.

ـــ يەنە كېرەك بولۇپ قالامدىكىن دەپسىزدە؟

ـــ كېرەك تاشنىڭ ئېغىرى يوق.

ـــ ئۇ دېگىنىڭىز توغرا. يوپۇرماقنى قۇرۇتۇپ، يوپۇچلاپ (ئۇۋۇتىپ) قىشقا ئېلىپ قويغانىڭىزمۇ زىيىنى يوق. ئاغرىق دېگەن پەقەت يازلىقى قوزغالمايدىغۇ. قۇرۇق يوپۇرماقنى ئىلمان سۇدا ئېۋىتىپ ئىشلەتسىمۇ بولۇۋېرىدۇ ـــ دېدىم.

### تۈكەرتمە

چېلىابىنسكىدىكى «چېلوۋېك» بىرلەشمىسى نەشر قىلغان «خەلق تېبابىتى» ناملىق كىتابنى ئوقۇپ ئويلىنىپ قالدىم. چۈنكى ئۇنىڭدا گانگىرېنا ئاغرىقىنى داۋالاشنىڭ ناھايىتى ئاددىي ئۇسۇلى توغرىسىدا ھېكايە قىلىنىدۇ. يەنى رۇس خەلق تېبابىتىدە گانگرېنا قارا بۇغدايدىن پىشۇرۇلغان ئىسسىق ناننى چايناپ چاپلاش ئۇسۇلى بىلەن داۋالىنىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىسسىق ناندىن بىر بۇردا ئېلىنىدىكەندە، ئۇنى ئۇزاق چايناپ ئاندىن ئاغرىق بەلگە بېرىۋاتقان جايغا چاپلايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئاغرىق چاپسان بېسىلارمىش. بۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بىر ئالىم تەجرىبىدە سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ نەتىجىدارلىقى ئالىمنى قايىل قىلالمىغان. ئالىم كېيىن قارا بۇغداي ئۇنىدىن پىشۇرۇلغان ئىسسىق ناننى باشقا خىمىيىۋى دورىلاردىن ئايرىلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ ئىشلىتىپ كۆرگەن. بەختكە قارشى بۇ

دورا بىمارغا قىلچە تەسىر قىلمىغان. بۇنىڭغا ھەيران قالغان ئالىم ئىسسىق ناننى ئېغىزدا ئوبدان ئېزىلگەنگە قەدەر چايناپ، ئاندىن ئاغرىۋاتقان يەرگە تارتىپ كۆرگەن. ئاغرىق بىردىن بېسىلغان. لېكىن ئالىم تۆكۈرۈكتە گانگرېننى باسىدىغان قانداق خۇسۇسىيەتنىڭ بارلىقىنى ئېنىقلالماي ئالەمدىن ئۆتكەن ئوخشايدۇ.

گەپ ئالىمنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىدە ئەمەس، قارا بۇغدايدىن پىشۇرۇلغان ئىسسىق نانىنىڭ، ئادەم تۆكۈرۈكىنىڭ شىپالىق خۇسۇسىيىتىدە.

تۆكۈرۈك بىلەن داۋالاش ئۇسۇلى ئۇيغۇر تېبابىتىدىمۇ خاس ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى، دەپ ئىشەنچلىك ئېيتالايمەن. يۇقىرىدىكى بابلاردا ھېكايە قىلىنغىنىدەك مومام مەريەمخانىنىڭ ئالدىغا ئېغىز ـ بۇرنىنى سېرىق قاقاش يارا بېسىپ كەتكەن نارەسىدە باللارنىمۇ ئېلىپ كېلەتتى. مومام ئۇلارنى كۆرۈپ دەم سالاتتى ۋە بىمارنىڭ يارىلىرىغا تۇف ـ تۇف دەپ ئۈچ قېتىم تۆكۈرۈپ قوياتتى. ھېلىمۇ يادىمدا، ئۈچ كۈندە بالىنىڭ يارىلىرى قارا قوماچ بولۇپ تۆكۈلۈپ كېتەتتى.

سېرىق ھەرە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھاشاراتلار چېقىۋالغاندا ئولتۇرۇپ تۆكۈرۈكنى سۈركەۋاتقان باللارنى نۇرغۇن كۆرگەن. بىزدە بۇ ئۇسۇل بىلەن پەقەت موللىلار داۋالاپ كەلگەن. شەخسەن مېنىڭ پىكرىمچە، موللىنىڭ تۆكۈرۈكى شىپالىق بولۇپلا قالماي، باشقىلارنىڭ تۆكۈرۈكىمۇ بۇ خۇسۇسىيەتتىن يىراق ئەمەس.

بۇ يەردە پەقەت ئىخلاس چوڭ رول ئويناۋاتامدىكىن، دەپ ئويلايمەن.

## پوقاق

بۇ ئاغرىقنى سۇ ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈك زىرائەتلىرىدە يودنىڭ يېتىشمەسلىكى تۈپەيلى يۈز بېرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ يۈرەككە، ئادەمنىڭ نەپەس ئېلىش يوللىرىغا ئەكس تەسىر قىلىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىمەن.

ھەممىدىن ئىلگىرى دېيىدىغان گەپ پوقاقنى داۋالاش ئۈچۈن تەركىبىدە يود ماددىسى بار گىياھلار تاللاپ ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاساسەن ماماكاپ، قوي بۆلجۈرگىنى، قارا ئەندىز، چېچەت دەرىخىنىڭ گۈلى، زىرە، گرېك ياڭىقى يوپۇرمىقى، ياۋايى جەمبىل قاتارلىق كۆكتاتلار ئىشلىتىلىدۇ. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلىشىم مۇمكىنكى، بۇ شىپالىق گىياھلار ئۇيغۇرلار ياشايدىغان بارلىق يەرلەردە دېگىدەك ئۆسىدۇ.

دورا تەييارلاش ئۇسۇلى: ھەر گىياھدىن چوڭ قوشۇقتا بىر قوشۇقتىن ئېلىپ، يېرىم لىتىر سوغۇق سۇدا تۆت ـ بەش مىنۇت ئاستا قاينىتىلىدۇ. قايناتما ئاغزى يېپىق ھالدا سوۋۇتۇلىدۇ ۋە سۈزۈلۈپ ئاغزى بۇراپ ئېتىلىدىغان بوتۇلكىغا ئېلىنىپ توڭلاتقۇدا ساقلىنىدۇ. ئىچىش نورمىسى ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ، بىراق ھەر قېتىملىق ئىچىش نورمىسى 30 گرام، بەزىلەر ئۇنى ئۇسسۇزلۇق ئورنىدا ئىچىشىمۇ مۇمكىن.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلىشىم مۇمكىنكى، بۇ دورىنى تۆت ـ بەش كۈن ئىچىش بىلەنلا دەردىڭىزگە داۋا تېپىشىڭىز زادى مۇمكىن ئەمەس. ئورگانىزمدا ئادەم ھاياتىغا كېرەكلىك يود ماددىسىنى توپلاش ئۈچۈن ئۇنى خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئىستېمال قىلىش لازىم. پەقەت شۇنداق تۈزۈمچانلىق كۆرسەتكەندىلا ئۆز سالامەتلىكىڭىزنى ئوڭشىۋېلىشىڭىز مۇمكىن.

ئىلمىي مېدىتسىنادا تەكىتلىگىنىگە قارىغاندا، كۈنىگە بىر ـ ئىككى يود تالقىنىنى ئىچىش لازىم ئىكەن. بۇ ئۇسۇلمۇ پەقەت ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىنلا ئۆز نەتىجىسىنى بېرىدۇ.

## نائۈمىد قالمايسىز

چېلەكتە تۇرىدىغان تۇغقانلار كېلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ يېنىدا بىر قىز بار ئىدى. تەخمىنىمچە 24 ـ25 ياشلاردا. مەن ئۇنى، ئەتىمالىم، تۇغقانلارنىڭ مەن بىلمەيدىغان يېقىنلىرىنىڭ قىزى بولسا كېرەك. باھانىدىن باھانىغا ئويناپ كېلەي دەپ كەپتۇ ـ دە، دەپ ئويلىدىم. مېھرىبان ئايال كىشىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىشىپ، بىرەر چىنىدىن چاي ئىچكەندىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇرۇدۇمدە، ئىككىنچى بۆلۈمگە چىقىپ ئىش ئۈستىلىمگە ئولتۇردۇم. بىر ۋاقىتتا بۆلۈمگە ھېلىقى قىز تارتىنىپ كىرىپ كەلدى ۋە مېنىڭدىن بىر مېتىردەك نېرىدا تۇرۇپ:

ـــ چوڭ دادا، مەن سىزگە كېلىۋېدىم ـــ دېدى ئاستا.

ـــ مەرھەمەت، كېلىڭ، مۇنۇ ئورۇندۇققا ئولتۇرۇڭ.

ـــ ياق، تۇرۇۋېرەي ـــ دېدى ئۇ ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس تارتىنچاقلىق بىلەن، ـــ دوۋسۇنۇمغا سوغۇق تېگىپ ئاغرىپ تېخى يېقىندىلا ئاغرىقخانىدىن چىقتىم. مۇنۇ ھە-

دەملەر بىلەن قوشنا. بۇلار ماڭغان ئىكەن، باھانىدىن با-
ھانىغا بىللە كەلدىم.

ــ ئاغرىقخانىدا ياتتىم دەمسىز؟

ــ ياتتىم، بىراق دوختۇرلارنىڭ دورىسى كار قىلمى-
دى. شۇڭا ئۈمىد بىلەن ئالدىڭىزغا كەلدىم.

مەن ئۇنىڭ ئاغرىقنى ياخشىلاپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن
بىر ۋاراق قەغەز ئالدىمدا: قۇشقاچ تىلى، كۆكتىكەن يو-
پۇرمىقى، قىرىق بوغۇم، قاشقى بېدە، ئىگىر، كۆممىقوناق-
نىڭ پۆپۈكى ۋە قارىقات يوپۇرمىقىدىن بىر چىمدىمدىن
ئېلىپ، بىر بوتۇلكا سۇدا بەش مىنۇت قاينىتىپ، شۇ قاي-
ناتمىدىن كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 30 گرامدىن
ئىلمان ئىچىڭ، دەپ يېزىپ بەردىم ۋە ئۆزۈممۇ ئورنۇم-
دىن تۇردۇمدە، ئۆيدىكى شىپالىق گىياھلاردىن ئېلىپ
قايناتتىم ۋە سەل كۈتۈپ ۋاقتىنىڭ ئاللىمەھەل بولغىنىغا
قارىماي قىزغا 30 گرام ئىچكۈزدۈم. ئەتىگەنلىكى ئىشقا
مېڭىش ئالدىدا يەنە ئىچكۈزۈپ، دورا قاچىلانغان بوتۇل-
كىنى، يەنە بىر قايناتقىدەك شىپالىق گىياھنى قولىغا تۇت-
قۇزۇپ قويدۇم.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتتى. ئىش
بابى بىلەن چېلەك ناھىيىسىگە بېرىپ قالدىم. چېلەك يې-
زىسىنىڭ چېتىدىكى ئاپتوبازا يېنىدا بېكەت بار ئىكەن.
ئاپتوبۇس شۇ يەرگە توختىۋىدى، ھامىلدار بىر جۇۋان
كىرىپ كەلدى. ئۇ مېنى كۆرۈشى بىلەن سالام بەردى.

ــ سىز مېنى تونۇمايۋاتسىزغۇ دەيمەن، چوڭ دا-
دا؟ ــ دەپ مۇراجىئەت قىلدى ئۇ يېنىمدىكى بوش ئورۇنغا
ئولتۇرۇۋېتىپ.

ــ تونۇۋاتىمەن، بىراق يادىمغا چۈشۈرەلمەيۋاتىمەن.

ــ دورىڭىز ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەن،
ھازىر سالامەتلىكىم ياخشى. ئوغلۇم ئۈچ ياشقا كىرىپ
قالدى، مانا يەنە ھامىلدارمەن... ئالدىڭىزغا بېرىپ رەھ-
مەت ئېيتىپ كېلەي دەپ نەچچە تەمشەلدىم، بىراق ھېچ
يولى بولمايۋاتىدۇ.

ناھايىتى خۇشال بولدۇم. خۇشال بولمايچۇ، مەن دورا
بەرگەن بىمارنىڭ سالامەتلىكى تۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. ئىك-
كىنچىدىن، «تۇغماس» گۇناھىدىن قۇتۇلۇپ كېتىپتۇ؛
ئۈچىنچىدىن، ئائىلىسى مۇستەھكەملىنىپتۇ. ئاغرىقنى يو-
شۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

«ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا». نەق شۇنىڭ
ئۆزى بولمىسىمۇ، ئاغرىقنى ئۆز ۋاقتىدا، ئوچۇقنى ئېيتىپ
داۋالانمىساڭ كىچىك ئاغرىقنىڭ يوغىنىشى، ئاخىرىدا ئو-
نىڭ چوڭ دەرد تارتقۇزىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. قىس-
قىسى ئۇ چاغدا ئاغرىقىڭىز بىلەن يا تېۋىپ، يا كەسپىي
دوختۇرلارنىڭ كۈچ ئىشلىتالمايدىغانلىقى شۈبھىسىز.

بىر كۈنى 27 ياشلىق بىر شوپۇر:

ــ جان يېرىم قىزىرىپ، قىچىشىپ كۆيۈپ ئاغرىپ،
ئارام بەرمەيۋاتىدۇ. دوختۇرخانىغا بارمىدىم. ئوپېراتسىيە
قىلىپ كاردىن چىقىرامدىكىن دەپ قورقتۇم. پۇتكۈل ئو-
مىدىم سىزدە ــ دېدى.

يىگىتنىڭ ئاغرىغىنىغا بىر ھەپتە بوپتۇ. ئۇنىڭ سۆزلۈ-
لۈپ، بىپەرۋالىق بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزمىگىنىگە بىر تە-
رەپتىن خۇشال بولدۇم. خۇدايىم شىپالىق بېرىپ ساقىيىپ
كەتسە ئالەمچە ئىش بولغان بولاتتى. بەختكە قارشى، بۇ
مېنىڭ چارەك ئەسىردىن بۇيان دەسلەپ كۆرۈۋاتقان ئاغ-
رىقىم ئىدى.

راست، ئەۋرەتنىڭ بوغۇمىدىن سەل يۇقىرىراق ئىككى
يەردە بىر تىيىننىڭ چوڭلۇقىدەك ئىككى يەر قىزىرىپ
تۇراتتى. يىگىتنى بىئارام قىلىۋاتقان مانا شۇ جاراھەت ئى-
كەن، ئۇنىڭ تومۇرى پەقەت تېرىدە بولماي، گۆشتىن
باشلىنىشىمۇ ئېھتىمال. سوغۇق تەگكەن بولۇشىمۇ مۇم-
كىن.

يىگىتكە كۆرستىپ تۇرۇپ يوغانراق بىر چىمدىم
غاڭزىگۈل چېچىكىدىن ئېلىپ يېرىم لىتىر قايناق سۇدا
دەملەپ، لۆڭگە بىلەن ئوراپ قويدۇم.

بىز بىر چىنىدىن چاي ئىچىشكەن ئارىلىقتا دەملەنمە
تەييار بولدى. دەملەنمىنى سۈزۈپ بىر بوتۇلكىغا قاچىلاپ
تۇتقۇزدۇم. يىگىت 75 گراملىق ئىستاكاندىكى ئىلىمان
دەملەنمىگە ئەۋرەتنى چىلاپ 15 ــ 20 مىنۇت ئولتۇر-
دىغان بولدى. غاڭزىگۈل چېچىكى ياز بولغىنى ئۈچۈن بىر
ئىستاكان دەملەپ كۈنىگە تۆت ــ بەش قېتىم ئىشلىتىپ
ئىشلەتسىمۇ بولاتتى. قىش كۈنلىرى ئۇنداق گۈلنى نەدىن
تېپىش مۇمكىن؟

يىگىت مېنى توغرا چۈشەندى. تۆتىنچى كۈنى يىگىت
تېلېفون ئارقىلىق ئۆز ھالىدىن خەۋەر بەردى. ئاغرىق
بېسىلغان، قىزىرىپ تۇرغان يەر ئۆز ئەسلىگە كېلىۋېتىپتۇ.

يىگەت غالگىزگۈل چېچەكلىرىدىن ئازراق تېپىپتۇ، داۋالىنىشنى داۋاملاشتۇرىدىغان بولدى.

شۇنىڭدىن بۇيان ئارىدىن ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. ئۇنى ئارى ـ چۆلدا بىر كۆرۈپ قالىمەن. ئالدىمغا كۈلۈپ كېلىپ كونا تونۇشلاردەك سالام بېرىدۇ. ئۈچ پەرزەنتى بار. ئۇ ھالىنى ئېيتمىغىنىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئوخشايدۇ.

سۈت قېتىشى

ــ بىزنىڭ ئادىتىمىز ناھايىتى قاتتىق. مېنى توغرا چۈشىنىڭ، مەن ئۇنى يامانلاۋاتمايمەن، ــ دەيدۇ بوتا كۆز ئىسىملىك 30 ياشلىق ئايال، ــ يېڭىلا تۇغۇتخانىدىن چىقىپ ئولتۇرسام قېينانام ئالەمدىن ئۆتتى، دېگەن خەۋەر كېلىپ قالدى. بارمىسام يەنە بولمايتتى. كەچ كۆز بولغىنى ئۈچۈن پات ـ پاتلا يامغۇر يېغىۋاتاتتى، ھاۋارايى سالقىن. شۇنىڭغا قارىماي، ئانىمىزنىڭ ھازىسىغا كەلگۈچىلەرنىڭ ئايىغىمۇ ئۈزۈلمەيتتى، كىرگەن ـ چىققانلارغا چاي تارتىشىم كېرەك. بالامنى ئېمىتىشكىمۇ ئىمكانىيىتىم بولمايتتى. ئۇ چاغدا بۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولارىنى ئويلىغىدەك ۋاقىت بولدى دەمسىز. قىسقىسى، ئۆلۈم ئۆزىتىشنىڭ جىمىكى قائىدىلىرىنى ئۆتەپ، ئالمۇتاغا كەتتۇق. كۈنلەر ئۆتتۈۋەردى. يىل ئۆتكەنسېرى كۆكسۈمدە قاتتىقلىق پەيدا بولدى. كېچىلىرى سىرقىراپ ئاغرىيدۇ. دوختۇرغا كۆرۈنسەم كۆكسىڭىزدە سۈت قېتىۋاپتۇ، ئوكۇل سالدۇرۇڭ، ئۆزىڭىزمۇ قاراپ ئولتۇرماي ئۇۋۇلاپ بېرىڭ، دەپ يول كۆرسەتتى. قانچە تىرىشقان بىلەنمۇ كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىدىم. بىر ياردىمى تېگەمدىكىن دەپ ئالدىڭىزغا كەلدىم. بىزمۇ مۇسۇلمان بەندىسىغۇ، بىلگەنلىرىڭىزنى ئايىمىسىڭىز.

ــ سىز ھازىرچە ماڭا 600 گرامدەك ئۆسۈملۈك مېيى ئەكېلىپ بېرىڭ، دالاغا بېرىپ كېرەكلىك شىپالىق ئۆسۈملۈكنى ئۆزۈم تېپىپ كېلىمەن، ــ دېدىم.

ئىككىمىز كېلىشتۇق، ئەتىسى ئېيتىزدىن كەلسەم بوتا كۆز ئۆيدە كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. قېرىقىز يىلتىزىنى ئالدىدا كىيىم چوتكىسىدا، كېيىن لاتا بىلەن تازىلىدىم. ئاندىن ئۇنى تەركىدىن (ئەلگەك) ئۆتكۈزۈپ بېسىپ، بىر ئاپقۇر قېرىقىز قىرىندىسىنى 300 گرام ئۆسۈملۈك مېيىدا قىيامىغا يەتكۈزۈپ تۇرۇپ، بىمارنىڭ نېمە قىلىشى لازىملىقىنى چۈشەندۈردۇم.

ــ بوتاكۆز، بۇ ئۈچ ـ تۆت كۈنلۈك نورما، ھەر كۈنى ئاخشىمى ئورۇنغا كىرىش ئالدىدا مۇنۇ ئۆمۈچۈك تورىنى كۆكسىڭىزنىڭ ئىششىق بار يېرىگە قويىسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەگەر شۇنداق دېيىشكە بولسا مۇنۇ قېرىقىز يوپۇرمىقىدىن ئىككى چوڭ قوشۇق يېيىتىپ، رومالدەك نەرسە بىلەن ئوراپ باغلاپ يېتىڭ. سوتكىسىغا ئىككى قېتىم قىلسىڭىزمۇ بولاتتى، لېكىن ئىشلەۋاتقان ئادەم ئەمەسسىز. ئۇنى ئەتىگەنلىكى ئېلىۋېتىپ، ئىششىڭىزغا بېرىۋېرىڭ. ئامما سوغۇق تېگىشتىن ساقلىنىڭ. ھاراق ـ شاراپتىن نېرى بولۇڭ. تۆتىنچى كۈنى يەنە بىر كېلىپ كېتىڭ.

ئارىدىن تۆت كۈن ئۆتۈپ بوتا كۆز ئەھۋالىنىڭ خېلىلا ئوڭشىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ كەلدى. مەن يەنە دورا ياساپ بەردىم. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ دورىنى توختاتتۇق، چۈنكى بىمار سەل دەم ئېلىشى لازىم ئىدى. كەلگۈسىدە بوتاكۆز يەنە بىر ئاي داۋالىنىشى كېرەك. مەن ئۆيدە يوق چاغدا ئۇ تېلېفون بېرىپتۇ: «بىز ئالمۇتادىن كۆچۈپ كېتىدىغان بولۇپ قالدۇق. ئاغاينىڭ دورىسىنى بارغان يېرىمىزدە يەنە داۋاملاشتۇرىمەن» دەپتۇدەك.

شۇنىڭدىن بۇيان ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتتى. لېكىن بوتا كۆزدىن خەۋەر بولمىدى. ئۇنى ماڭا ئېلىپ كەلگەن دوستىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بوتاكۆز ياخشى بولۇپ كەتكەن بولسا كېرەك.

ئاياللارنىڭ كۆكسىدە قېتىۋالغان سۈتنى ئېرىتىش ئۈچۈن قېرىقىز يىلتىزىنى يىلنىڭ تۆت پەسلىدە تېپىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ھەممىگە مەلۇم. ئىشەنچىم كاملىكى، بۇ ماقالىنى ئوقۇغان بەزى ئۆزگە پىششىق ئاياللارنىڭ ئۇنى ياز ئايلىرىدا تەييارلاپ، يېرىم لىتىرلىق ئەينەكتەك شىشىلەرگە قاچىلىۋېلىشى مۇمكىن. مۇبادا ئۇنىڭ ئىمكانىيىتى ئامامەن بولماي قالسىچۇ؟

ئۆمۈچۈك تورى يىلنىڭ تۆت پەسلىدە تېپىلىدىغان نەرسە. شىپالىق گىياھلاردىن غالگىزگۈل، كۆكتىكەن يوپۇرمىقى، پاقا يوپۇرمىقى، چاققاق، ئاغىچا كۆكى ــ بۇ بەشىدىن چوڭ قوشۇقتا بىر قوشۇقتىن ئېلىپ، يېرىم لىتىر سۇدا ئۈچ ـ تۆت مىنۇت قايناتىلىدۇ. بۇ قايناتما سوۋۇغاندا سۈزۈلۈپ شامىسى ئايرىم ئېلىنىدۇ ۋە سۈيى بو-

تۇلكىغا قاچىلىنىپ توڭلاتقۇدا ساقلىنىدۇ. ئىچىش نورمىسى 30 گرام، كۈنىگە ئۈچ قېتىم تاماقتىن 15 ـ 20 مىنۇت ئىلگىرى كۆكسىگە سۇ قايناتما بىلەن ئاتمىدۇ. ياكى ئاغ- شمى يېتىش ئالدىدا ئاغرىق سېزىلىدىغان يەرنىڭ ئۈس- تىگە ئۈمۈچۈك تورى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قايناتمىنىڭ شامە- سى ئىسسىق ھالدا قويۇلۇپ، ئاندىن قايناتمىغا چىلانغان لۆڭگە يېپىلىپ پروستىنيا بىلەن ئوراپ تېڭىلىدۇ. بۇ دو- رىنى مېنىڭچە بولغاندا كۈنىگە ئىككى قېتىم، يەنى ئەتە- گەنلىكى سائەت 10 دا ئىشلەتسە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

### ئاياللاردا بولىدىغان بەزى ئاغرىقلار

تۈرمۈشتا بېلىم ئاغرىيدۇ دەپ بېلىنى روملى ياكى بەلدەمچە بىلەن باغلاپ يۈرۈيدىغان ئاياللار پات ـ پاتلا ئۇچرىشىدۇ. ئۇلار ياش جەھەتتىنمۇ ھەر خىل. ھالىنى سوراپ قالساڭ، ھەممىسلا مەسلىھەتلىشۇالغاندەك «نېر- ۋىپ ياللۇغى بار ئىدى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. لېكىن ئە- مەلىيەتتە تەپسىلىي سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسەڭ، يۈز ئايالدىن بىرى ياكى مىڭدىن بىرىنىڭ راست بېلى ئاغرىيدىكەن. مەن بۇ ھەقتە ئۇزاق يىللار يېزا شىپاخانىسىدا ئىشلەۋاتقان بىر كەسپىي دوختۇرغا ئېيتقىنىمدا، ئۇ مېنىڭ پىكرىمنى بىردىنلا قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. بۇ ئاياللارنىڭ بەزىلىرىنىڭ بېلى بۆرەك تۇپەيلى، كۆپچىلىكىنىڭ جىنسىي ئەزالىرىغا سوغۇق تېگىش سەۋەبلىك ئاغرىيدۇ. مەسىلەن: بالىياتقۇ بويىنىغا، بالىياتقۇ قىنىغا، ئۇرۇقدانغا سوغۇق تېگىپ ئاغ- رىيدۇ. ئۇلارنىڭ ئەروزىياسى يەنە بار. مۇشۇلارنىڭ قاي- سىسىغا دەخىل يەتكەن بولسا، ئۇ ئايالنىڭ چوقۇم بېلى ئاغرىيدۇ.

تۆۋەندە ئاياللارنىڭ ئەنە شۇ خىل ئاغرىقلىرىدا ئۆز- زىمىز تەكلىپ قىلىپ يۈرگەن گىياھلار تىزىمىنى بېرىمىز. ئۇلار قىرىق بوغۇم، ياۋا چوشقا ياڭىقى قوۋزىقى، چاققاق يوپۇرمىقى، قويكۆكى، كېپەك ئوتى (بۇ گىياھنى ھاملىدار ئاياللار ئىشلەتمەسلىكى كېرەك)، قارىئەندىز، مايچېچەك، غاڭزىنگۈل، چايكوكات، قاشقا بېدە، يالقۇتوغاچ، ئىگىر، قەلەمپۇر. مانا شۇ شىپالىق گىياھلاردىن ئەھۋالغا قاراپ بەشنى ياكى يەتتىسنى تېپىپ، ھەر بىرىدىن چوڭ قو- شۇقتا بىر قوشۇقتىن ئېلىپ، يېرىم لىتىر سوغۇق سۇدا بەش ـ ئالتە مىنۇت قايىنتىپ، سۈزۈپ، بۇنىڭدىن كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 30 گرامدىن (تاماقتىن 15 ـ 20 مىنۇت ئىلگىرى) ئىلمان ئىچىلىدۇ. داۋالىنىش قەرەلى ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. ئومۇمەن بەزى ئاياللار ئۈچ- چۈن بىر ئاي، بەزىلىرى ئۈچۈن ھەتتا ئىككى ـ ئۈچ ئاي تەلەپ قىلىنىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە كۆرۈنۈشچە، ئايرىم ئاياللارنىڭ ئاغرىقلىرى پەقەت شىپالىق گىياھلاردىن تەييارلانغان قايناتما ياكى دەملەنمىنى ئىچىش بىلەنلا داۋا تاپىدىكەن. بەزىلىرى ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، قايناتمىنى ياكى دەملەنمىنى ئىچىش؛ ئىككىنچىدىن، شۇ خىل دەم- لەنمە ياكى قايناتما بىلەن ھەمەل ياكى سىپرىنسىۋانىيە قىلىش شەرت ئىكەن. ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتساق، مۇبادا ئۇرۇقدانغا سوغۇق تەگسە ياكى ئېروزىيا دېگەن دىئاگ- نوزى بولسا ئۇنى داۋالاش ئۈچۈن غاڭزىنگۈل ياكى قىلە- ياشتىن دەملەنمە تەييارلاپ، ھەر كۈنى ئاختىمى ئۇخلاش ئالدىدا پاكىز يۇيۇنۇپ، ئاندىن سىپرىنسىۋانىيا قىلىش لازىم. دورا تەييارلاش ئۇسۇلى: قۇرۇتۇلغان (ياش كو- كاتمۇ بولۇۋېرىدۇ) ياكى مۇبادا ئۆيدە غاڭزىنگۈل چېچە- كىدىن قۇرۇتۇلغان بولسا بىر يېرىم چوڭ قوشۇق، ئەگەر ئۇ بولماي قىلىياش تېپىلسا، ئۇنىڭدىن يوغان بىر چىمدىم ئېلىپ يېرىم لىتىر قايناق سۇدا دەملىنىدۇ. ئۇ ئادەم بە- دىنى كۆيمىگۇدەك دەرىجىدە سوۋۇغاندا سۈزۈپ ئىشلە- تىلىدۇ. ئەگەر ئۆيدە قىلياشمۇ، غاڭزىنگۈلمۇ بولمىسچۇ؟ مۇنداق ئەھۋالدا ئىشەنچلىك ھالدا قاشقىبېدە بىلەن يۆ- تەلوتتىن چوڭ قوشۇقتا بىر قوشۇقتىن ئېلىپ، يېرىم لىتىر قايناق سۇدا دەملەپ، كۈنىگە تۆت ـ ئالتە قېتىم ئىلمان ئىچىش لازىم. داۋالىنىش قەرەلى ئىككى ـ ئۈچ ھەپتە. شۇنىڭدا ئۇرۇقدان سەللىمازا ساقىيىدۇ.

يەنە بىر مەسلىھەت: بالىياتقۇ بويىنىغا، ئۇرۇقدانغا سوغۇق تېگىپ ئاغرىغاندا مايچېچەك گۈلىدىن قايناتما تەييارلاپ ھەمەل قىلغان پايدىلىق. ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ قوشۇقتا بىر يېرىم قوشۇق مايچېچەك گۈلى يېرىم لىتىر سوغۇق سۇدا ئاستا كۆيۈۋاتقان ئوتتا ئۈچ ـ تۆت مىنۇت چىم ـ چىم قايىنتىلىدۇ. كېيىن ئوتتىن ئېلىنىپ، لۆڭگە قا- تارلىق نەرسە بىلەن ئوراپ تاشلىنىدۇ. ئۇ ياخشى دەمل- نىپ، ئىشقا يارىغىچە بىمار ئىلمان سۇدا سوپۇنداپ يۇيۇ- نۇپ، ئۆزىنى تەرتىپكە كەلتۈرۈشى كېرەك. ئاندىن قايناتما سۈزۈلۈپ ھەمەلچىگە ئېلىنىدۇ ۋە ئادەتتىكىچە ئىشلىتە- لىدۇ. ئەگەر بىرىنچى قېتىمدا ئىش ئەپلەشمىسە، دەرھال

ئىككىنچىسىنى تەييارلاش لازىم. ئىمكانىيەت بولسا، بۇ ئۇسۇلنى كۈنىگە بىر نەچچە قېتىم تەكرارلىسا ئۈنۈمى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

**خۇنىنىڭ قاتتىق ئاغرىتىپ كېلىشى ياكى كۆپ كېلىشى**

ھېلىمۇ يادىمدا، پەرھات ئىسىملىك بىر قەدىناسىنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمدا، دائىم ئايالى ھېمىدەمنىڭ ياتقىنىنى كۆرەتتىم. ئۇنى كۆرۈپ بىر تۇرۇپ ھەيران بولاتتىم، بىر تۇرۇپ پەرھاتقا ئىچىم ئاغرىيتتى. ئاخىرقى بىر بارغىنىمدا ھېمىدەم ئىللىق كۈلۈپ قارشى ئالدى.

ــــ ھېمىدەم، قېرىنداش، بىر يېرىڭىز ئوبدانلا ئاغرىسا كېرەك، ــــ دېدىمۇ گېپىمنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالمىدىم. چۈنكى ئايال كىشىدىن نەرىنىڭ ئاغرىيدۇ دەپ ئەر كىشىنىڭ ئوسماقچىلاپ سورىشى سەت ئىشقۇ.

ــــ ئاغرىق دېگۈدەكقۇ ئاغرىقىم يوق، ــــ دېدى ئۇ كۆزلىرىنى مېنىڭدىن قاچۇرغان ھالدا قىزىرىپ، ــــ گېپىڭىزگە قارىغاندا ئۆزىڭىزمۇ سېزىپ يۈرگەن ئوخشايسىز. بىز ئاياللاردا قانداق ئاغرىقلار يوقكىنتاڭ. ھەر ئاينىڭ ئاخىرى ئۈچ ـ تۆت كۈن ئەنە شۇنداق بېشىمنى كۆتۈرەلمەي يېتىپ قالىمەن.

ــــ ئۇنداق بولسا، مۇنداق قىلايلى، قېرىنداش. سىز بىزنىڭ ئۆيگە قاتناپ تۇرۇڭ، مۇبادا ئۆيدە ئۆزۈم بولمىسام، تەييارلاپ قويغان دورىنى ھەدىڭىزدىن ئالىسىز.

ــــ بولىدۇ، ــــ دېدى ئۇ.

ئۆيگە كېلىپ ئارپىبەدىيان، مايچېچەك، قويكۆكى، چايكوكات، چاققاق، ئاشكۆكى، قاشقبېدە گۈلىدىن مەخسۇس قايناتما تەييارلىدىم. ئەتىسى ئىشتىن قايتقان ھېمىدەم دورىنى ئېلىپ كېتىپتۇ.

ھېمىدەمگە تەييارلىغان دورىنىڭ رېتسېپى: يۇقىرىدا ناملىرى ئاتالغان شىپالىق گىياھلارنىڭ ھەر بىرىدىن چوڭ قوشۇقتا بىردىن ئېلىپ، ئۇنى سىرلىق قاچىدا يېرىم لىتىردىن سەل كۆپرەك سوغۇق سۇدا بەش ـ ئالتە مىنۇت ئاستا قايناتتىم. ئىچىش نورمىسى: كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا تاماقتىن 20 مىنۇت ئىلگىرى 30 گرامدىن ئىچىلىدۇ. قايناتما سوۋۇغاندا سۈزۈلۈپ، ئاغزى بۇراپ ئېتىلىدىغان بوتۇلكىغا قاچىلىنىپ، توڭلاتقۇدا ساقلىنىدۇ.

بارلىق ئاياللارغا ياخشى مەلۇمكى، بۇ خىل دورىنىڭ نەتىجىسى تۆت ـ بەش كۈندە كۆرۈنمەيدۇ. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ، ھېمىدەم تېلېفون بەردى. بۇ قېتىمقى ئايلىق ھەر ھالدا ئىلگىرىكىلەرگە نىسبەتەن يېنىك ئۆتكەن؛ ئىككىنچى ئايمۇ ياخشى ئۆتۈپتۇ. كېيىن ھېمىدەم يۇقىرىدا ناملىرى زىكرى قىلىنغان شىپالىق گىياھلارنى ئۆزى تېپىپ، ماڭا خىجالىتى چۈشمىدى.

ھېمىدەمنىڭ بۇ دورىنى قانچە ۋاقىت تۇراقلىق ئىچكەنلىكىنى كېسىپ ئېيتالمايمەن، ئەمما ئۇ بەش ـ ئالتە يىلدىن بۇيان ھەر ئاينىڭ ئاخىرى كۆزىنى ئاچالماي يېتىش كېسىلىدىن تامامەن قۇتۇلدى.

بەزى ئاياللارنى خۇنىنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ كېلىشمۇ قىينايدۇ. بۇ خىل ئاياللارغا تۇراقلىق يوسۇندا كېيىك ئوتى، چاققاق، كۆرتە يىلتىزى (باغىنىڭ)، قۇشقاچ تىلى، كۆممقوناق پۆپۈكىنى تەۋسىيە قىلىمىز. مەزكۇر گىياھلار قاننى قويۇلدۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن ئاياللارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى چاپسان ئۆز ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

ئاق خۇن توغرىسىدا گەپ قىلغاندا بەزى ئاياللاردا بولىدىغان ئاق خۇنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك. بۇنىڭدا ئاياللار ئاغرىپ يېتىپ قالمايدۇ، ئاۋارە بولمايدۇ، يۇقمايدۇ. بىراق ئۇنىڭ ھىدى يېقىمسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئايال ئۇنىڭدىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە چاپسان قۇتۇلسام دەپ ئارزۇ قىلىدۇ. شۇ خىل ئاياللارغا تۆۋەندىكى رېتسېپنى تەكلىپ قىلىمىز. بۇ كېسەلدىن قۇتۇلدۇرىدىغان نەرسىلەر چوشقا ياڭىقىنىڭ قوۋزىقى، زەمچە، يانتاق يىلتىزى، ئاپتاپپەرەس غولى. ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسى ئايرىم ـ ئايرىم ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: چوشقا ياڭىقىنىڭ قوۋزىقى دەملىنىدۇ، ئاپتاپپەرەس غوزىكى، يانتاق يىلتىزى ئايرىم ھالدا قاينىتىلىدۇ. قايناتما سىرىنتىسېۋانىيا ياكى ھەمەل قىلىنىدۇ.

**شىپالىق ماي**

«ئارگۇمېنتى ئى فاكتى» ناملىق ھەپتىلىك گېزىتىنىڭ 1994 ـ يىلى 7 ـ سانىدىن «راكنى يېڭىش مۇمكىنمۇ؟ سىناق قىلىپ كۆرۈش كېرەك» دېگەن ماقالىنى ئوقۇپ «دۇنيادا كۆڭۈلدىن ئۇلۇغ نەرسە يوق» دېگەن گەپ يادىمغا چۈشتى. بۇنىڭدىن تەخمىنەن ئون يىل ئىلگىرىكىغۇ دەيمەن. قېيناتا ئىككى قېتىم پالەچ بولۇپ، دوختۇرلارنىڭ تىرىشىشى تۈپەيلى ئوڭشىلىپ قېلىۋىدى، تۇرۇپلا يەنە

پۇتنى سوٚرەپ قالدى. ئولتۇرۇپ قالمىسا بولاتتىغۇ دەپ ناھايىتى قورقتۇق. ئالمۇتانىڭ دوختۇرلىرىغا كۆرسەتتۇق. ئوكۇل بۇيرۇدى. پۇتىغا سۇركەيدىغان دورا يېزىپ بەردى.

بىر كۈنى «مۇشۇ ئادەم نېمە قىلىۋاتىدۇ، بىر قاراپ كۆرمەيمەنمۇ» دەپ، يېنىغا كەلدىم. قايسى كۆزۈم بىلەن كۆرەي، دورا رېئاكسىيە بېرىپ پاقالچاققا يوغان بۆرتمە چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇنى ئاز كۆرگەندەك پالەچ بولغان پۇت كۆزۈمگە سوغىلىشقا تايىن تاپقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ناھايىتى قورقتۇم. بوۋاي مەن يېنىغا كەلگەندە دورىنى مايلاپ بولاي دەپ قالغانىكەن.

ــ بۇ دورىنى ئۈزۈل ـ كېسىل توختىتايلى،ــ دېدىم جىددىي. بۇ پىكرىنى ئۆيدىكىلەرگىمۇ ئېيتتىم. ئەتىگەنلىكى كېلىن مېنى ئىشقا ماڭدۇرۇپ بولۇپ، بوۋىسىنى دوختۇرغا ئاپارغانىكەن. ئۇلارمۇ مايلايدىغان دورىنى توختات دەپتۇ ۋە باشقا دورىلارنى يېزىپ بېرىپتۇ.

ــ ئۇنىمۇ، بۇنىمۇ قىلمايمىز،ــ دېدىم قەتئىي،ــ دوختۇرلار شۇ كۈنگىچە ئۆزلىرىنىڭ بىلگىنىنى قىلىشتى. ئەمدىكى نۆۋەت مېنىڭ.

خەلق تېبابىتىگە ئائىت بىر كىتابتىن پالەچ بولۇپ ئاغرىغاندا پۇتقا، قولغا، مايماق چىققان يۇزگە ئۆسۈملۈك مېيىدا قارىمۇچنى قىزىتىپ مايلىسا ياخشى، دېگەن جۈملىلەرنى ئوقۇغانىدىم. پاختىمۇ، ئاپتاپپەرەسمۇ، قىچىمۇ ئۆسۈملۈك. لېكىن كىتابتا شۇلارنىڭ بىرىنى ئاتىماي، پەقەت ئۆسۈملۈك مېيى دەپتۇ. شۇڭا مېنىڭ يادىمغا بىرىدىن ئاپتاپپەرەس مېيى چۈشتى. چۈنكى بۇنىڭدىن ئىلگىرى چايكوكاتنى خۇددى شۇ ماي بىلەن تىندۇرۇپ ماي قايناتقان. ئەتىمالىم، خۇدايىم دىلىمغا شۇنى سالسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆيدىكىلەردىن:

ــ ئۆيدە ئاپتاپپەرەس مېيى بارمۇ؟ــ دەپ سورىدىم.

ئۇ يىللىرى ئاپتاپپەرەس مېيى چۈچۈتكەندە كۆپۈكلىشىپ كۆۋرەپ كېتىدۇ، دەپ ياقتۇرماي، پاختا مېيى ئىشلىتەتتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بىزنىڭ ئۆيدىمۇ يوق بولۇپ چىقتى.

ــ خەپ، ئاپتاپپەرەس مېيى بولغىنىدا،ــ دېدىم پۇچۇلۇنۇپ،ــ خەيرىيەت، بۇگۈنچە پاختا مېينى ئىشلىتىپ كۆرۈپ باقاي. بىراق ئەتە ھېچبولمىغاندا يېرىم لىتىر بولسىمۇ تاپ.

چوڭ قوشۇقتا بىر قوشۇق قارىمۇچ تالقىنىنى ئاپتاپپەرەس مېيىدا مەلھەم ياساپ مايلىدىم.

ھەر ھالدا ئاپتاپپەرەس مېيىدىن ياسالغان دورا يۇقىرىدىكى بابالاردا ھېكايە قىلىنغىنىدەك قىيناتىغا ناھايىتى باب كەلدىدە، ئۇ يەر دەسسەپ كەتتى.

ــ بۇ دورىڭىز ياخشىكەن،ــ دېدى ئۇ.

كېيىنكى يىللىرى ئاپتاپپەرەس مېيىنى قېرىنقىز يىلتىزىغا دەملەپ قاينىتىپ قېرىنقىز مېيى تەييارلاپ يۈرۈيمەن. بۇ ماي بولۇپمۇ كۆيۈكتە كېسىلگەن يەرلەرنى، ئوپېراتسىيەدىن كېيىنكى جاراھەتلەرنى، تەمرەتكىنى داۋالاشتا تەڭدىشى يوق دورا بولۇپ قالماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر يىلى يازدا يېرىم، بەزىدە بىر لىتىر شۇ مايدىن تەييارلاپ يۈرۈيمەن. ھازىر يادىمدا يوق، بىر كىشى ئىچى قاتقان ئادەمنى ئاپتاپپەرەس مېيى بىلەن ھەمەل قىلسا، ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى.

يېقىندا قوشنىلاردىن بىرىنىڭ تۇرمۇشقا چىققان قىزى يېنىكلىنىۋاپتۇ، دەپ ئاڭلىۋېدىم. كېيىن ئۇ قىزنىڭ كۆكسى ئاغرىپ كېتىپتۇ. دوختۇرلارنىڭ ئېيتقىنىنىمۇ، خەقتىن ئاڭلىغانلىرىنىمۇ ئىشلىتىپ كۆرۈپتۇ. بىراق، نەتىجە بەرمەپتۇ. ياش ئانا تۇنجىسىنى ئېمىتەلمەي غۇنجۇن ئازابىنى كۆرۈۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ كەنجى قىز كىرىپ قاپتۇ. ئۇ ئۆيدىن يېرىم فلاكون ماينى ئەپچىقىپ بېرىپتۇ. بۇلاردىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق. بىر كۈنى كەچكى تاماقنى ئىچىۋاتسام تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى:

ــ دادا، سىزنى سوراۋاتىدۇ،ــ دېدى قىزىم.

تۇرۇپكىنى ئالدىم.

ــ كامالىدىن ئاكا، بۇ مەنغۇ،ــ دەپ قوشنا سالام ـ سائەتتىن كېيىن، يېقىندا سىلەرنىڭ قىز دادام ياسىغان دەپ ئازراق دورا بېرىۋېدى. شۇنى مايلاپ قىزىمنىڭ كۆكسى ياخشى بولۇپ قېلىۋېدى. بىراق ئۇ تۈگەپ قالدى. ھەققىنى تۆلەي، شۇنىڭدىن يەنە ئازراق بەرسىڭىز،ــ دېدى.

قوشنىنىڭ ياش تۇغۇتلۇق قىزىنىڭ كۆكسى شۇنىڭ بىلەن ياخشى بولۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن بۇيان ئاپتاپپەرەس مېيىدا قانداق خسلەت باردۇر؟ دەپ ئويلاپ يۇ-

رەتتىم، «ئارگۇمېنتى ئى فاكتى» ناملىق ھەپتىلىك گېزد-
تنى ئوقۇپ كۆزلىرىم پاللىدە ئېچىلىپ كەتكەندەك بول-
دى. چۈنكى ماقالىدە راك ئاغرىقىغا ئاپتاپپەرەس مېيى
بىلەن داۋالاش ئۇسۇلى يېزىلىپتۇ.

ئاپتاپپەرەس مېيى لىنول كىسلاتاسىغا باي (60 پىر-
سەنتكە يېقىن) بولغىنى ئۈچۈن يۇقىرى شىپالىق خۇسۇ-
سىيەتكە ئىگە ئىكەن. راك ئاغرىقىغا ئۇچرىغان ئادەم كۈ-
نىگە ئۈچ قېتىم، ئاچ قورساققا 30 ـ 40 مىللىلىتىر ئاپ-
تاپپەرەس مېينى شۇنچىلىك مىقداردىكى ھاراق بىلـەن
(ھاراق كەم بولسا بولسۇن، ئوشۇق بولمىسۇن) ئىستاكاندا
قوشۇق بىلەن ئوبدان ئارىلاشتۇرۇلۇپ، توختاتماي دەررۇ
ئىچىلىشى لازىم. ھاراق مايىنى ئاشقازان ۋە ئۈچەيدە نا-
ھايىتى ئۇششاق پارچىلارغا پارچىلاپ چېچىپ ئاشقازان ۋە
ئۈچەينىڭ شىللىق پەردىلىرىنىڭ مايىنى ئۆزىگە ئـېلـىش
ئىقتىدارىنى كۈچەيتىۋېتىدىكەن ۋە شىپالىق خۇسۇسىيەتكە
ئىگە قىلىدىكەن.

شۇنى ئاگاھلاندۇرۇشۇم كېرەككى، ماي تازىلانمىغان،
ئانچە كۈچلۈك پۇراققا ئىگە بولماسلىقى كېرەك.

دوختۇرنىڭ تەكىتلىشىگە قارىغاندا، بۇ دورىسى بىلەن
ئۇ نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى راك ئاغرىقىدىن قۇتۇلدۇرغان.
جۈملىدىن، ياش تۇغۇتلۇق ئانىلارنىڭ كۆكسىگە چۈشكەن
يارىنىمۇ داۋالىغان. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمچەكتىكى يارا ياكى
ئىغىز ئېلىپ تېشىلگەن يەرگە داكىنى مايغا چىلاپ تاڭغان.

دورىنى ئىچكى ئاغرىقلارغا بېرىش ئۇسۇلى: مەزكۇر
دورىنى ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم تاماقتىن 15 ـ 20 مىنۇت
ئىلگىرى ئاچ قورساققا ئىچكۈزىدۇ. ئون كۈن ئىچىپ،
بەش كۈن دەم ئالىدۇ. شۇ تەرىقىدە ئۈچ، بەش، ئون
كۈن، بەزى ئېغىر ئاغرىقلار ئۈنۈمىنىمۇ سەل ئۇزاقراق
ۋاقت ئىچىپ داۋالانسا راك ئاغرىقىدىن تامامەن قۇتۇل-
دۇ. بۇ دورىنى ئىچىۋاتقاندا ۋە كېيىن بىمار بىر يىلغىچە
ئۆزىنى ھاراق ـ شاراپتىن تۇتۇشى شەرت.

گېپىمنىڭ ئاخىرىدا يەنىلا دەيدىغىنىم، سەللىمازا سا-
قىيىپ كېتىش ئۈچۈن سەۋرچانلىق، تاقەت، تۆزۈمچانلىق
ۋە ئىرادە كېرەك. ئۇنىڭسىز مۇراد ھاسىل بولمايدۇ.

### مۇھىمى ئاغرىقنى ئېنىقلاش

1993 ـ يىلى، ئۆكتەبىر. كەنجى ئىنىم سەككىز ياشلىق
قىزىنى ئېلىپ كەپتۇ. شۇ كۈنگىچە يۇرتتىن كەلگەن يېقىن-
لاردىن ئىنىمنىڭ قىزىنىڭ مەكتەپ ئالدىدىكى گۈلـخـان
چۆرىسىگە قويۇلغان قۇيما ئۇزۇن تاش ئۈستىدە مېڭىپ
ئويناۋېتىپ يىقىلغانلىقىنى، پۇتىنىڭ ئىششىپ چۈنـجـىدا
ئاغرىقخانىدا ياتقانلىقىنى ئېيتىپ كېلىشكەنىدى. تېڭىقچى
كۆرۈپ پۇتىنىڭ سۇنمىغانلىقى ياكى چىقمىغانلىقى، پەقەت
گۆشىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. كېيىن قىزنـىـڭ
پۇتى ئىششىپ ماڭالماي قالغاندا ئاغرىقخانىغا ئېلىپ بار-
غانىكەن، دوختۇر كۆرۈپ «سۇنغان» دەپ دىئاگـنـوز
قويۇپتۇ. رېنتگېننىڭ كۆرسىتىشىچە سۇنمىغان.

قىسقىسى، ئېنىق بىر توختامغا كېلەلمەي ۋىلايەتلىك
كلىنىكىلىق بالىلار ئاغرىقخانىسىغا يوللاپتۇ. بولغان ۋە-
قەنى تەپسىلىي تىڭشىدىم ۋە تېڭىقچى پىكرىگە قوشۇلدۇم.
قىزنىڭ پۇتى سۇنمىغان، چىقمىغان، قىـزچـاق ئـورۇق،
پۇتلىرى نازۇك ئىدى. يىقىلغاندا قاتتىق چۈشۈپ، پۇت
گۆشىنى ئاغرىتىۋالغان. ئىششىق پەقەت شۇنىڭدىن. چوڭ-
قۇر ئويلاپ ئاۋۋال كەسپىي دوختۇرلار، مۇتەخەسسىسلەر
كۆرۈپ ئېنىقلىسۇن، ئاندىن كۆرەرمەن، ئارىدىن ھەپـتـە
ئۆتۈپ ئاغرىقخانىغا باردىم ۋە قىزىمنى داۋالاتقان دوختۇر
بىلەن سۆزلەشتىم.

ـــ بۇگۈنكى تاپچىللىقىمۇ، كېرەكلىك دورىـلارنـىـڭ
يوقلۇقىنىمۇ ياخشى بىلىمەن. قىزىمنىڭ پەقەت دىئاگنو-
زىنى قويۇپ بەرسەڭلار بولدى، قالغىنىنى ئۆزۈم بىر تە-
رەپ قىلىمەن،ـــ دېدىم مېنى ئوچۇق چىراي قارشى ئالغان
دوختۇرغا.

ـــ رېنتگېننىڭ خۇلاسىسىگە قارىغاندا، قىزنىڭ پۇتى
سۇنمىغان. ئانالىز ئېلىپ تەكشۈرۈۋاتىمىز، يېقىن كۈنلەردە
ھەممىسى مەلۇم بولىدۇ،ـــ دېدى.

ئارىدىن يەنە بىر ھەپتە ئۆتتى. ئىنىم ھەر كۈنى ئاغ-
رىقخانىغا بېرىپ، كەچ كىرگىچە قىزىنىڭ يېنىدا بولاتتى.
دوختۇرلار تېخىچىلا بىر توختامغا كېلەلمەپتۇدەك. ئوكۇل
سېلىۋاتقۇدەك. ئاغرىقخانىغا يەنە بېرىپ قىزىمىزنى داۋا-
لاۋاتقان دوختۇر بىلەن سۆھبەتلەشتىم. ھەر ئىككىسى ئا-
نالىز ئېلىۋاتقانلىقى، ئاغرىقنى چوقۇم تاپىدىغانلىقىنى ئېيـ-
تىپ، مېنى چۈشەندۈردى. بىراق، نېمىسنى يـوشـۇراي،
مېنىڭ ئۇلاردىن كۆڭلۈم ئوبدانلا سوۋۇدى.

كېيىنكى شەنبىدە ئىنىم قىزنى «چۆمۈلدۈرۈپ، ئەتە ئەكېلىپ بېرىمەن» دەپ ئېلىپ كەتتى. پەيتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزۈمنى بىر سىناپ كۆرمەكچى بولدۇم. ئۇنداق بولغىنى قىزىمىزنىڭ پۇتىدىكى ئىششىق شۇ پېتى تۇرۇپتۇ.

بىر تۇتام ئەمەننى يوغان بىر ئوچۇم قارا تىكەن، تۇز ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ توختىتىپ قويدۇم. قىزنى چۆمۈلدۈرگەندىن كېيىن، ۋاننىغا قايناتمىنى سۈزۈپ قۇيۇپ، سوغۇق ۋە ئىسسىق سۇ چۈشۈرۈپ تەڭشىدىم. قىزنى شۇ قايناتمىغا ئون مىنۇت ئولتۇرغۇزۇپ ئۈستىنى سۈرتۈپ كىيىندۈرۈپ، ئوراپ ياتقۇزۇپ قويدۇم. ئەتىسى ئەتىگەن قارىسام قىز ئورنىدىن يەر تايىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئىششىق كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە قايتىمىسىمۇ، ئاغرىق خېلىلا بېسىلغان. كېيىنكى شەنبىدە يەنە بىر قېتىم داۋالىدىم.

ئاخىر دوختۇرلار قىزنى ئۆيگە چىقىرىۋەتتى. ئۆيى، بالا ـ چاقىسى، مال ـ ۋارىنىغا ئالدىراۋاتقان ئىنىم يۇرتقا قايتماقچى.

ـــ ئۆيگە بېرىپ ئەتىسىدىن باشلاپ قىزىڭنى مانا شۇنداق داۋالا. قانچىلىك ئەمەن، قانچىلىك تۇز سېلىشنىڭ، قانچىلىك قاينىتىشنىڭ لازىملىقىنى ئۆزۈڭ كۆردۈڭ.

ئارىدىن بىر ئايدەك ۋاقىت ئۆتۈپ بىر ئىش بىلەن يۇرتقا باردىم. قىزنىڭ پۇتى ئوبدان ساقىيىپ كېتىپتۇ، مەكتەپتىن قالماي ئوقۇۋېتىپتۇ. چىراي شەكلى ياخشى. ئۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

ئەمەن ئۆزى ئاچچىق گىياھ! ئىشەنچىم كامىلكى، ھايات بار ئىكەن، ئۇ نۇرغۇنلىغان بىمارلارنىڭ چوقۇم دەردىگە دەرمان، رەنجىگە شىپا بولىدۇ.

## ئۆپكىگە سوغۇق تېگىش

ھېچكىمگە يېڭىلىق ئەمەسكى، بولۇپمۇ كىچىك بالىلارنىڭ ئۆپكىسىگە سوغۇق تېگىپ ئاغرىش تۇرمۇشتاناھايىتى كۆپ ئۇچرىشىدۇ. دورا ـ دەرمەك باياشات مەزگىللەردە بۇنىڭ بىلەن ئاغرىقخانىغا چۈشكەن بالىلار كۆپ ئىدى. بۇنىڭ پەقەت كىچىك بالىلاردىلا ئۇچرىمايدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. ئۆپكىسىگە سوغۇق تېگىپ يېنىپ ـ يېنىپ ئاغرىقخانىدا داۋالىنىپ يۈرگەن چوڭلارمۇ كۆپ. بۇ ئاغرىق بىلەن مۇشۇ قۇرلار مۇئەللىپىمۇ ئۆز ۋاقتىدا دەرد تارتىپ، ئاغرىقخانىنىڭ «دۆلىتىنى»بىر نەچچە قېتىم كۆرگەنىدىم. شۇندا، بىر كۈنى ئۆزۈمنى داۋالاۋاتقان دوختۇردىن:

ـــ مۇشۇ ئاغرىقنى سەللىمازا ساقايتقىلى بولامدۇ؟ ـــ دەپ سورىدىم.

ـــ سەللىمازا ساقايتىش ھۆددىسىنى ھېچكىم ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدۇ. ساقىيىش كۆپ جەھەتتىن بىمار ئۆزىگە باغلىق. بىز پەقەت ياردەم بېرىمىز. ئاغرىقخانىدىن چىققاندىن كېيىن ئۆزىڭىزنى مۇمكىنقەدەر ئىسسىق تۇتۇڭ، سوغۇققا ئۇرۇنماڭ ـــ دەپ مەسلىھەت بەردى.

لېۋىمنى چىشلەپ قالدىم. تو ۋا! دېمەسلىككە ئىلاجىم بولمىدى. شۇنچە يىل ئوقۇغان، دورا ـ دەرمەكى قولىدا دوختۇرلار بۇنىڭ ھېچ ئىلاجىسىنى قىلالمىسا، بۇ ئادەم ھاياتىغا تىكىلىپ كەلگەن ئاغرىق ئىكەندە، دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم. مەن ئادەم بالىسى، ياشاش ئۈچۈن، بالا ـ چاقىنى بېقىش ئۈچۈن ئىشقا بېرىشىم، ئىدارىگە يەتكىچە كوچىدا ئاپتوبۇس كۈتۈشۈم كېرەك. كۈندە توي ئەمەس دېگەندەك، خۇدايىمنىڭ كۈنلىرىمۇ ئوخشاش ئەمەس. ياز كۈنلىرى بەزىدە يامغۇر چېلەكلەپ قۇيۇۋاتقاندا ئىشقا مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. قىش كۈنلىرى غاچىلداپ تۇرغان سوغۇقتا ياكى شۇۋىرغاندا ئاپتوبۇس كۈتۈپ بېكەتتە تۇرىسەن. ئىشلەۋاتقان ئادەم قانداق قىلىپ ئۆزىنى ساقلىسۇن؟ توغرا، ساقلىقتا خورلۇق يوق. لېكىن ئاغرىقخانىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ ئاغرىقتىن قۇتۇلۇش چارىسىنى ئىزدەشتۇردۇم. كىچىك ئانامدا بىر كېسىم قۇرۇتۇۋالغان يىلان بار ئىكەن. «شۇنى قاينىتىپ بەرسەم ئىچەمسەن؟» دەيدۇ ئۇ غەمخورلۇق قىلىپ. يىلاننىڭ شورپىسىنى ئىچكەندىن كېيىن ئۆزۈمنى ئوبدانلا يېنىك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. دەم ئېلىش ئاياغلىشىپ، يەنە ئىشقا كەلدىم. بۇ يانۋار ئېيى ئىدى. بىزنىڭ ئىدارە ئورۇنلاشقان بىنا خادىملىرى خىيالىغا بىنانى شاماللىتىش كەپتۇ. نەتىجىدە ئەتىسى يەنە ئاغرىپ قالدىم. ۋاننىغا تۇز تاشلاپ، ئىسسىق سۇدا ياتتىم. دۈمبەمگە گورچىنىك، شىشىگە قويدۇق، ئارپىبەدىيان بىلەن قارەندىزدىن قايناتما تەييارلاپ ئىچتىم. شۇنىڭ بىلەن خېلى ياخشى بولدۇم. تەجرىبىدە كۆرۈنۈشچە مايچېچەك (روماشكا)، لىپا دەرىخىنىڭ چېچىكى، غەندىغەرە (مالىنا) يوپۇرمىقى، گۈلبىنەپشە، چۈ-

www.uyghurkitap.com



چۈكبۇيا يىلتىزى، قارەندىز، پاقا يوپۇرمىقى قاتارلىق شىپالىق گىياھلاردىن قايناتما تەييارلاپ داۋالاندىم.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ كېتىشىم كېرەككى، ئەمەلىيەتتە ئۆپكىگە سوغۇق تېگىپ ئاغرىغاندا يۇقىرىدا ناملىرى ئاتالغان شىپالىق گىياھلاردىن پەقەت بىرىنى قايىنتىپ ئىچسىمۇ بولىدۇ. خەلق تېبابىتىگە ئائىت كىتابلاردىمۇ خۇددى شۇنداق دەپ تەكىتلەنگەن. ئەمەلدە ئۇنىڭمۇ ئۈنۈمى يامان بولمايدىكەن. لېكىن، ئۆزىڭىز ئويلاپ كۆرۈڭ، بىر ئادەم قىلىدىغان ئىشنى ئۈچ ياكى بەش ئادەم قىلسا قانداق، ياكى شۇ ئىشنى ئۈچ، بولمىسا بەش ئادەم بىرلىكتە قىلسا قانداق؟ شۇ نۇقتىدىن قاراپ مەن چوڭلارغا دورا ياسىغاندا بەش ياكى يەتتە، بەزىدە ھەتتا توققۇز شىپالىق گىياھنى بىرلەشتۈرۈپ دورا ياساپ يۈرۈيمەن.

يۇقىرىدا تەكىتلىگەنلىرىم پەقەت چوڭ ياشتىكى بىمارلار ئۈچۈن. نارەسىدىلەر ئۈچۈن يا بىر گىياھتىن، ياكى ئۈچ گىياھتىن دورا ياسىغان مەقسەتكە مۇۋاپىق. بالىلارغا پەقەت قارەندىزنى قايىنتىپ كۈنىگە تۆت قېتىم، ھەر قېتىمدا بىر چاي قوشۇقىدا ئىچىشكە قاراپ بەرسىڭىز بولىدۇ. بالىلار ئۈچۈن تەييارلانغان دورىغا ئازراق ھەسەل ياكى قەنت ئارىلاشتۇرسا تېخىمۇ ياخشى، چۈنكى قارەندىز قايناتمىسى ئىچىشكە قىيىنراق.

قارەندىز يىلتىزى، غەندىغەرە يوپۇرمىقى، مايچېچەك ئۈچىدىن تەييارلانغان قايناتما ھەم ئاغرىقنى قايتۇرىدۇ، ھەم ھارارەتنى چۈشۈرىدۇ.

كېيىنكى يىللاردىكى تەجرىبىگە قارىغاندا ئۆپكىگە سوغۇق تېگىپ ئاغرىغاندا مەيلى چوڭ ياشتىكى ئادەم بولسۇن، مەيلى كىچىك بالا بولسۇن ئۆزىنىڭ ئالدى تەرىتنى ئىچسە ياخشى نەتىجە بېرىدۇ، بىرىنچىدىن، ئاغرىق چاپسان بېسىلىدۇ، بەلغەم ھەيدەيدۇ، مەيدە بوشايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ھارارەت تېز چۈشىدۇ. بۇ دورىنى بىر نەچچە كۈن ئۇدا ئۈزمەي ئىچكەن ياخشى.

## چاچنىڭ چۈشۈشى

چاچنىڭ چۈشۈشى ئادەمنىڭ ھارارىتىنىمۇ كۆتۈرمەيدۇ. جاننى قاقشىتىپ بىئارامىمۇ قىلمايدۇ. بىراق كىمنىڭ ياشلا تاقىر باش بولۇپ قالغۇسى كېلىدۇ دەيسىز. بۇمۇ بىر ئەندىشە ئىكەن. بۇ بولۇپمۇ قىز بالىلارنى تەشۋىش-ئەندىشىگە سېلىپ قويىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇچراشقانلا يەردە، ئۇلار بىرىنچى نۆۋەتتە «چاچنىڭ تۆكۈلۈشىگە نېمە دورا ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟» دېگەن سوئالنى بېرىدۇ. تەلىيىمگە مەن شەخسەن ئۆز بېشىمدىن كەچۈرگەن بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپ يۈرۈيمەن. سىزمۇ ئاڭلاپ قويسىڭىز يامان بولماس.

بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى تۇغۇلغان يۇرتۇم تۇگمەن يېزىسىغا باردىم. ئەتىگەنلىكى ئورنۇمدىن تۇرۇپ ساقال ـ بۇرۇتۇمنى چۈشۈرۈپ، يۈزۈمنى يۇيۇۋاتاتتىم. بېشىمنى تاراۋاتقىنىمدا تاغاقتا چىققان چاچنى كۆرۈپ دادام:

ـــ ئوغلۇم، ياشلا تاقىر باش بولۇپ قالسالىڭ كېرەك،ـــ دېدى.

مەن گەپ قىلمىدىم...

بۇ ۋاقىتتا چېچىمنىڭ تۆكۈلۈشىنى ئاز كۆرگەندەك بېشىمدىكى ئاقمۇ كۆپىيىپ كېتىپ باراتتى. دادامنىڭ گېپى مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆيگە كېلىپلا، ئەتىسى چوغلۇقگۈلى، قىرىقىز يىلتىزى، يۆتەلوت، چاققاق ۋە ئىگىر يىلتىزىدىن ئېلىپ يېرىم لىتىر قايناتما تەييارلىدىم. ھەر كۈنى ئاخشىمى يېتىش ئالدىدا 75 گىراملىق ئىستاكاندا بىرنى ئۆلچەپ ئالدىمدە، ئۇنى سەل ئىلمان قىلىپ چېچىمنى ئېرىنمەي مايلىدىم ۋە تېگى ـ تېگىگە ئۆتسۇن دەپ تاردىم. لاتىدىن تىكىلگەن شەپكەمنى كىيىپ يېتىپ قالدىم.

يېرىم لىتىر دورا توپتوغرا بىر ھەپتىگە يېتىدىكەن. بىر ھەپتە دەم ئېلىپ، يەنە بىر ھەپتە داۋالاندىم. ئاندىن ئالتە ئايدىن كېيىن دورىنى يەنە تەكرارلىدىم. شۇنىڭ بىلەن چېچىمنىڭ تۆكۈلۈشى پەيدىنپەي ئازايدى. چېچىم مايلىغاندەك پارقىراپ تۇرىدىغان بولدى.

ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ بېشىم شۇنچىلىك قىچىشىدىغان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى ئىشتا ئولتۇرۇپ نېمىشقىدۇ چېچىمنىڭ ئارىسىغا بارماقلىرىمنى تىقتىمدە، ئۆپكىسى بىلەن سىلىدىم. تۇرۇپلا ئۆزۈمدىن ئۆزۈم ھەيران بولدۇم. چۈنكى بېشىمدا يېڭى چاچ چىقىپ كېتىۋېتىپتۇ. ئۆيگە كېلىپ قىزلىرىمغا كۆرسىتىۋېدىم، ئۇلارمۇ ھەيران بولۇشتى. شۇنىڭ بىلەن چاچنىڭ تۆكۈلۈشىمۇ،

ئاقمۇ توختىدى.

بۇ ناھايىتى كۈچلۈك دورا. چاچنىڭ تۆكۈلۈشىنى، باشتىكى كېپەكنى يوقىتىش مەقسىتىدە يۇقىرىدا ناملىرى زىكىر قىلىنغان بەش خىل شىپالىق گىياھنىڭ ھەممىسىنى ئىزدەپ تېپىش شەرت ئەمەس. خەلق تېبابىتىگە ئائىت كىتابلاردا تەكىتلىگىنىگە قارىغاندا، مەزكۇر گىياھلارنىڭ بىرىنى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ.

دورا ياساش ئۇسۇلى: قېرىقىز، ئىگىر، چوغلۇقگۈل يىلتىزىدىن (قۇرۇتۇپ ئۇۋۇتۇۋالغان بولسا چوڭ قوشۇقتىن بىر قوشۇق)، چاققاق بىلەن يۆتەلئوتتىن يوغان بىر چىمدىمدىن ئېلىپ يېرىم لىتىردىن سەل كۆپرەك سۇدا ئالتە ـ يەتتە مىنۇت ئاستا قاينىتىلىدۇ. ئاغزى يېپىق ھالدا سوۋۇتۇلىدۇ، سۈزۈلىدۇ ۋە ئاغزى بوراپ يېپىلىدىغان بوتۇلكىغا قاچىلىنىپ توڭلاتقۇدا ساقلىنىدۇ. ئىشلىتىلىشى: كۈنىگە بىر قېتىم، ئاخشىمى ئورۇنغا كىرىش ئالدىدا 75 گراملىق ئىستاكاندا بىر ئىستاكان قايناتما ئىللىتىلىپ، باشقا ئېرىتمەي چېپىلىدۇ ۋە ياغلىقنى ئوراپ تېڭىۋالىدۇ.

## يەل تۇرۇپ قېلىش

قايسى كىتابتىن ئوقۇدۇم ياكى كىمدىن ئاڭلىدىم، ھازىر يادىمدا يوق. مۇشۇ يېقىندا ئۈستىلىمنى تەرتىپكە كەلتۈرەي دەپ يىغىشتۇرۇۋاتسام قولۇمغا بىر ۋاراق قەغەز چىقتى. ئۇنىڭغا بويۇنغا يەل تۇرۇپ قالغاندا داۋالاشنىڭ ناھايىتى ئاددىي ئۇسۇلى يېزىپ قويۇلغانىكەن. ھەر ھالدا بۇ ئۇيغۇر خەلق تېبابىتىدە بىمارنى داۋالاش بويىچە ئاددىي، شۇنىڭ بىلەن بىللە، نەتىجىدارلىقى يۇقىرى ئۇسۇل. بۇنى ئەينەن كۆچۈرۈپ، خەلققە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلدىم. ئۇنداق بولغىنى ئاخشىمى ساپساقلا يېتىپ قېلىپ، ئەتىسى بويىنىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرەلمەي دەرد تارتىپ يۈرگەن ئادەملەر تۇرمۇشتا ئاز ئۇچرىمايدۇ. بەزى كىشىلەر ئاخشىمى يېتىپ قېلىپ، ئەتىگەنلىكى ئورنىدىن تۇرغاندا بويىنىنىڭ ياكى قولىنىڭ يەل تۇرۇپ قالغانلىقىنى بايقايدۇ ۋە يا ئۇياققا، يا بۇياققا بۇرۇلالماي جىلى بولىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا بەزىلەر يا چېقىشامدۇ، راستىنلا شۇنداق ئادەت بارمۇ بىلمىدىم، بىمارغا: «بويىنى قاتتىق ئادەمگە تەزىم قىل» دېسە، ئىككىنچى بىرى «ھالى چوڭ خانىمغا تەزىم قىل» دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ.

ئادەتتە بۇ ئاغرىق بىلەن ئادەم بەش ـ ئالتە كۈن چوقۇم گالۋاڭ بولىدۇ، ئۇنىڭدىن چاپسان قۇتۇلۇش ئۇچۇن تۆۋەندىكى ئۇسۇلنى قوللىنىش شەرت. ئۇنىڭ ئۇچۇن توملىقى ئوخشاش، يەتتە ـ سەككىز دانە چوكا ئېلىپ، ئۇنى يەل تۇرۇپ قالغان يەردە (ئىككىنچى بىر كىشىنىڭ ياردىمى بىلەن) ئۇياقتىن بۇياققا يېنىك ۋە ئاستا دۇگىلىتىلىدۇ. ئاردىن بەش ـ ئالتە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن يەل تۇرۇپ قالغان يەر قىزىرىشقا باشلايدۇ. شۇ ئەھۋال يۈز بەرگەندە چوكىلارنى دۇگىلىتىش توختىتىلىدۇ.

بىرىنچى قېتىمنىڭ ئۆزىدىلا يەل تۇرۇپ قالغان يەردىكى تارتىشىش خېلىلا يېنىكلىشىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي چوكا دۇگىلىتىشنى ئېرىتمەي شۇ كۈنى چوقۇم ئىككى ـ ئۈچ قېتىم تەكرارلاش لازىم. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا يەل تۇرۇپ قالغان يەردىكى ئۇششاق قان تومۇرلىرىدىن قان يۈرۈپ بويۇن، غولدىكى ئاغرىق بېسىلىدۇ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

1993 ـ يىلى ئالمۇتادا نەشر قىلىنغان كامال ھىسامىدىنوفنىڭ «شىپالىق يۈز ئون گىياھ» ناملىق كىتابىدىن تەييارلاندى.

تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئورخۇن («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى)

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

تەھرىراتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق سانلىرىدىن 2004 ـ يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ئالاقىلاشقۇچىلار: ئەسقەر مەخسۇت، خۇرسەنئاي مەمتىمىن

تېلېفون: 4554017 (0991)

www.uyghurkitap.com



# مەن قېرىغاندا

2005.4

مەن قېرىغاندا، ئەسلىدىكى «مەن» بولماي قالىمەن. مېنى توغرا چۈشەنگىن، ماڭا قارىتا بىرئاز سەۋرچانلىق تۇيغۇسىدا بول.

مەن تاماق يەپ، دىققەتسىزلىكتىن ئاش ـ تاماقنى كىيىم ـ كېچەكلىرىمگە چېچىۋەتسەم ھەمدە ئايىغىمنىڭ بوغقۇچىنى قانداق چىگىشنى ئۇنتۇپ قالسام، مېنىڭ ئۆز ۋاقتىدا بۇ ئىشلارنى ساڭا قانداق ئۆگەتكەنلىكىمنى ئويلاپ باق.

مەن سەن ئاللىبۇرۇن ئاڭلاپ بولغان گەپ ـ سۆزلەرنى ساڭا تەكرار ـ تەكرار ئېيتىۋەرسەم، سەۋرچانلىق بىلەن گېپىمنى ئاڭلا، ھەرگىزمۇ گېپىمنى ئۈزۈۋەتمىگىن. كىچىك ۋاقتىڭدا تاكى سەن ئۇخلىغىچە ساڭا قايتا ـ قايتا نەچچە مىڭ قېتىملاپ ئېيتىپ بېرىدىغان ھېلىقى ھېكايىلىرىمنى ئەسلەپ قوي.

مەن سېنىڭ مېنى يۇيۇندۇرۇپ قويۇشىڭغا ئېھتىياجلىق بولغاندا، مېنى ئەيىبلىمە، كىچىك ۋاقتىڭدا مېنىڭ سېنى قانداق قىلىپ ئالداپ يۇيۇندۇرغىنىمنى ئويلاپ باق.

مەن يېڭى پەن ـ تېخنىكا بۇيۇملىرى ۋە يېڭى نەرسىلەرنى قانداق ئىشلىتىشنى بىلمىگەندە، مېنى زاڭلىق قىلما. ئۆز ۋاقتىدا سېنىڭ سورىغان «نېمە ئۈچۈن؟»لىرىڭگە سەۋرچانلىق بىلەن قانداق جاۋاب بەرگەنلىرىمنى ئەسلەپ باق.

مەن كۈچ ـ ماغدۇرىمدىن كېتىپ، يول مېڭىشقا ئامالسىز قالغاندا، سەن كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان قوللىرىڭنى چىقىرىپ، خۇددى سەن كىچىك ۋاقتىڭدا، ئەمدىلەتتىن ئايىغىڭ چىقىپ يول مېڭىشقا باشلىغاندا، مەن سېنى يۆلىۋالغاندەك مېنىمۇ يۆلىۋال.

ئىككىمىز پاراڭلىشىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز پاراڭ تېمىسىدىن چەتنەپ كەتسەم، ماڭا ئازراق ئويلىنىشقا ۋاقىت بەر. ئەمەلىيەتتە ماڭا نىسبەتەن نېمىنى پاراڭلىشىش ئانچە مۇھىم ئەمەس، ئەڭ ياخشىسى سەن ئاڭلاپ بەرسەڭلا، مەن شۇنىڭدىن قانائەتلىنىمەن.

سەن مېنىڭ كۈندىن كۈنگە قېرىپ كېتىۋاتقىنىمغا قاراپ ئازابلانما. مېنى چۈشەنگىن، مېنى قوللىغىن. خۇددى سەن ئەمدىلەتتىن قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئۆگىنىۋاتقىنىڭدا، مېنىڭ ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلغىنىمغا ئوخشاش، ماڭىمۇ شۇنداق مۇئامىلىدە بول...

ئۆز ۋاقتىدا، مەن سېنىڭ كىشىلىك ھايات يولىغا قەدەم بېسىشىڭغا يېتەكچى بولغان. بۈگۈنكى كۈندە سەنمۇ ماڭا ھەمراھ بولۇپ، بۇ ئەڭ ئاخىرقى يولنى بىللە مېڭىشىپ بەرگىن. ماڭا مۇھەببىتىڭنى ۋە سەۋرچانلىقىڭنى بەر. مەن ساڭا بولغان رەھمىتىمنى كۈلكەم ئارقىلىق قايتۇرىمەن. بۇ كۈلكىگە مېنىڭ ساڭا بولغان چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببىتىم ۋە سۆيگۈ مۇجەسسەملەنگەن.

جەملە تۇرسۇن تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن



# ئەل سۆيگەن سەنئەتكار ـ شاھمۇھەممەد

مۇھەممەتئىمىن قۇربان

90 ياشلارغا يېقىنلاپ قالغان، چاچ ـ ساقىلى قاردەك ئاقارغان، مېڭىش ـ تۇرۇشىدىن قېرىلىق ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيدىغان، ياڭراق، يېقىملىق، زىل ئاۋازىنى قەددىناس راۋابىغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ـ داستانلارنى ئوقۇۋاتقان خىزىر سۈپەت بۇ بوۋاي كىمدۇ؟

ـــ بىلمىسىز، ئۇ پۈتكۈل شىنجاڭغا نامى مەشھۇر ئەلنەغمىچى شاھمۇھەممەد ئاكا.

شاھمۇھەممەد 1916 ـ يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ كۆيا يېزىسىغا قاراشلىق قاقلىق كەنتىدە تۇغۇلدى. ئۇنىڭ دادىسى پاسار ئاخۇن يېقىن ـ يىراقلارغا نامى تارالغان داڭلىق راۋابچى ئىدى. چوڭ ئاكىسى شاھقۇۋانمۇ راۋاب چېلىش ماھارىتىدە دادىسىغا يېتىشىپ كېتىۋاتاتتى.

شاھمۇھەممەد يەتتە ـ سەككىز ياشلارغا كىرگەندە دادىسىنىڭ راۋابىنى تىرىڭلىتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كىچىك ئالىقىنىغا راۋابنىڭ دەستىسى سىغمىغانلىقتىن پەدىنى جايىدا باسالمايتتى. كىچىك ئوغلىنىڭ راۋابقا ھېرىسمەنلىكىدىن سۆيۈنگەن پاسار ئاخۇن ئۇنىڭغا تۇشلۇق كىچىككىنە راۋاب ياساپ بەردى.

شاھمۇھەممەد ئون ياشلارغا كىرگەندە راۋابنى بىر نەچچە ناخشىغا كېلىشتۈرۈپ چالالايدىغان بولدى. بىر كۈنى شاھمۇھەممەد ھەر خىل نۇسخىدىكى گىلەملەر يايمىسىنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرۇپ زىل ئاۋازى بىلەن ناخشا ئوقۇۋاتاتتى:

ھاۋادىكى لاچىنىنىڭ
قاناتىدا توپا يوق.
چىرايلىققا كۆيمەڭلەر،
چىرايلىقتا ۋاپا يوق ...

ئۇنىڭ يېشىغا ماس كەلمىگەن ناخشىلىرى ئاڭلىغۇچىلارنى كۆلدۈرۈپ كىشىلەرنى گىلەم يايمىسىغا جەلپ قىلغانىدى. گىلەم سودىگىرى خېرىدار چاقىرىش ئۈچۈن شاھمۇھەممەدكە گىلەم يايمىسى يېنىدا راۋاب چالدۇرۇپ بېرىشنى كۆپ قېتىم ئۆتۈنگەنىدى. ئۇ شۇ چاغلاردىن باشلاپ تونۇلۇشقا باشلىدى.

شاھمۇھەممەد باشقا يۇرتلاردىكى مەشرەپ، نەغمە ـ ناۋا سورۇنلىرىغا دادىسى ياكى ئاكىسى بىلەن بىللە بېرىپ نۇرغۇن داستانچى، راۋابچىلار بىلەن تونۇشتى. ئۇلارنىڭ ئاۋاز چىقىرىش ھەم راۋاب چېلىشتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىغا زەن قويۇپ، ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى بىلدى ... ئۇ دادىسى، ئاكىسى ۋە باشقا يۇرتلاردىكى راۋابچىلاردىن «سېيىت نوچى»، «ئابدۇراخمانخان» قاتارلىق تارىخىي داستانلارنى، «مەشۇقۇم» قاتارلىق ھەجۋىي داستانلارنى، بىرقانچە دىنىي داستانلارنى ئۆگىنىۋالدى. ئۇ بىلىدىغان خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭى 50تىن، قوشاقلىرى 1000دىن ئېشىپ كەتتى.

شاھمۇھەممەد 20 ياشتىن ئاشقاندا ئۆز ئالدىغا سورۇن تۈزۈپ چوڭ ـ چوڭ داستانلارنى ئوقۇيدىغان بولدى. ئۇ داستان ۋەقەلىكى جىددىيلەشكەندە زەخمەكنى بوش ئۇ-



شاھمۇھەممەد ئاكا 2005 ـ يىلى 21 ـ مارت نورۇز بايرىمىدا

رۇپ، ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى ھاياجان بىلەن ئۇنلۇك چىقىراتتى. ئۇ داستان ۋەقەلىكىنى شۇ قەدەر تەسىرلىك بايان قىلاتتىكى، ئاڭلىغۇچىلار گاھىدا ئىختىيارسىز كۈلۈشۈپ كەتسە، گاھىدا ئۆزىنى بېسىۋالالماي كۆز يېشى قىلىشاتتى. ئۆزلىرى داستان ۋەقەلىكىگە قاتنىشىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالاتتى.

دۆلىتىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىنكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلار ئۇنىڭغا يېڭىدىن يېڭى ئىلھاملارنى بېغىشلىدى.

ئۇ چوڭ ـ كىچىك يىغىن سەھنىلىرىدە:
ئاق سارايدا ئاق ساندۇق،
كۆك سارايدا كۆك ساندۇق.
قانخور زومىگەرلەردىن
ئەنتىمىزنى زەپ ئالدۇق.

دېگەندەك ناخشىلىرى بىلەن زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇپ، يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش ھەرىكىتىگە مەدھىيە ئوقۇيتتى.

شاھمۇھەممەد ئاشۇ يىللاردا «ياشا پارتىيە»، «ئۆستەڭ چاپتۇق»، «بوز يەر ناخشىسى» قاتارلىق ناخشىلارنى ئىجاد قىلىپ قايناق ئىش مەيدانلىرىدا ئوقۇدى. شاھمۇھەممەد رادىئو ئاڭلىتىش ئۆيىگە كىرىپ چالغان راۋابىنىڭ يۈرەكنى لەرزىگە سالىدىغان يېقىملىق ئاۋازى سەككىز ـ ئون كىلومېتىرغا سوزۇلغان ئەمگەك مەيدانىنى جانلاندۇرۇۋېتەتتى. ئايرىلغىنىغا ئون نەچچە كۈن بولغان ئائىلىسىنى سېغىنىپ كەتكەن دېھقانلار راۋاب ساداسىدىن تەسەللى تاپاتتى. ئۇنىڭ ناخشىلىرى مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان دېھقانلار روھىنى ئۇرغۇتۇپ، غەيرىتىگە غەيرەت قوشاتتى.

يۇقىرىقىدەك زور كۆلەملىك قۇرۇلۇشلارغا ناھىيە بويىچە نەچچە مىڭ، ھەتتا نەچچە ئونمىڭ دېھقان سەپەرۋەر قىلىناتتى، جۈملىدىن بىر كەنتتىن بىر نەچچە، بەزىدە ئون نەچچە دېھقان يوتقان ـ كۆرپىلىرى بىلەن تراكتورغا ئورۇنلىشىپ ئىش ئورنىغا يۈرۈپ كېتەتتى، لېكىن، بۇنداق چاغدا شاھمۇھەممەدنىڭ يۇرتى قاقلىق كەنتىدىن ھېچكىم ئۆز ئۆيىدىن ئايرىلمايتتى، چۈنكى شاھمۇھەممەد قۇرۇلۇشقا مەسئۇل ناھىيە باشلىقلىرىغا:

—بىزنىڭ كەنتىمىزگە تەقسىم بولغان ۋەزىپىنى مەن ئۆزۈم يالغۇز ئورۇنداي،— دەيتتى. باشلىق شاھمۇھەممەدنىڭ بىر كەنتنىڭ ۋەزىپىسىنى يالغۇز ئورۇنداپ بولالمايدىغانلىقىنى بىلسىمۇ ئۇ راۋاب چېلىپ نەچچە مىڭ ئادەمنى غەيرەتلەندۈرەلەيدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلمايتتى.

1962 ـ يىلى قاراقاش ناھىيىسىدە كەسپلەشكەن سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلۇپ، شاھمۇھەممەد بۇ ئۆمەكنىڭ شتاتلىق راۋابچىسى بولدى، لېكىن ئۇ 20 نەچچە يىلغان ئايلىق ئىش ھەققىنى، ئۆگىنىش، رېپېتىتسىيە، ئويۇن قويۇشتىن ئىبارەت ئىنتىزام رامكىسىنى ئۆزىگە مۇناسىپ كۆرمەي ئۆمەكتىن قايتىپ چىقتى.

شاھمۇھەممەد ئۆزىنىڭ ھەم راۋابىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرەتتى. 1967 ـ يىلى ئەتىيازدا مەن «ئىنقىلابنى تۇتۇپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش» تەشۋىقات گۇرۇپپىسى تەركىبىدە ئاق ساراي يېزىسىغا چىقتىم. بىر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن تۆتىمىز پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق. ئارىمىزدا گۇرۇپپا باشلىقىمىز مۇئاۋىن ھاكىممۇ بار ئىدى. ئويلىمىغان يەردىن شاھمۇھەممەد راۋابىنى قولتۇقلىغان پېتى ياتقىمىزغا كىردى ـ دە، تۆتىمىز بىلەن قىزغىن سالاملاشقاندىن كېيىن مېنىڭ كارىۋىتىمغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ مېنىڭ مۇشۇ يەردە بارلىقىمنى ئاڭلاپ ئالايتەن مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنىكەن. باشلىق ئۇنىڭغا مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ:

—شاھمۇھەممەد، ئۇ بىرنېمىڭىزنى بىردەم چېلىڭا،— دېدى. شاھمۇھەممەد ئۇنىڭ چوڭچىلىقىغا نارازى بولۇپ لام ـ جىم دېمەي ئولتۇرۇۋەردى. باشلىقىمىز ئۇنىڭ پەرۋا قىلمىغىنىدىن رەنجىدى بولغاي، ئاۋازىنى قوپال چىقىرىپ:

—مەن سىزگە گەپ قىلدىمغۇ،— دېدى. شاھمۇھەممەد راۋابىنىڭ دەستىسىدىن كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا كۆز ـ كۆز

قىلغان قىياپەتتە:

—بۇنىڭ ئېتى بىر نىمە ئەمەس، بۇنىڭ راۋاب دەپ چىرايلىق ئىسمى بار. مەن سىزنىڭ دادىڭىزچە ئادەم. مېنى ئازراق ھۆرمەتلىسىڭىز بولاتتى. بۇنى بىلمەيدىكەنسىز — دېدى. باشلىقىمىز شاھمۇھەممەدنىڭ يۈز ـ خاتىرە قىلمايدىغانلىقىنى پەملەپ ئۆزىنى بېسىۋالدى ۋە سىرتقا چىقىپ كەتتى. مەن شاھمۇھەممەدكە:

—خېلى ئۇزاق بولدى، راۋابلىرىنى ئاڭلىمىدۇق. كۆڭۈلنىڭ كىرىنى ئالىدىغان پەدىلىرىڭگە چېلىپ بەرمەملا؟—دېدىم. ھەمراھلىرىمىزمۇ گېپىمنى قۇۋۋەتلىدى. ئۇ راۋابىنى تەڭشىگەندىن كېيىن چېلىشقا باشلىدى:

تام ئۈستىدە ئولتۇرغان
تۇمشۇقى قىزىل قاغا.
كۆزۈم تويسا تويغاندۇ،
يۈرىكىم قانمىدى يارغا.
... ... ...

شاھمۇھەممەد 1983 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ھازىرقى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتور يېتەكچىسى، پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان ئەپەندىنى بىر نەچچە كۈن ئۆيىدە تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا «ئابدۇراخمانخان» داستانىنى تولۇق ئېيتىپ بەرگەندى.

داڭلىق رەسسام غازى ئەھمەد ئەپەندى 1986 ـ يىلى قاراقاشقا كېلىپ «مۇقام» ناملىق مەشھۇر رەسىمنى سىزغاندا شاھمۇھەممەدنى پورترېت قىلدى. 1985 ـ يىلى مەن ئۇنىڭ راۋابىنىڭ تارىنى 13كە كۆپەيتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. مەن:

—تارلارنى كۆپەيتىۋالغانلىقنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟— دەپ سورىدىم. ئۇ:

—بەش تار بىلەن كۆڭلۈمدىكىنى چىقىرالمىدىم. مانا قارىسىلا ئۇكام،—دېدى ـ دە، ئالدىنقى ئىككى تارغا زەخمەك ئۇرۇۋىدى، ئارقا سىملىرىدىنمۇ بىر ـ بىرىگە ماس يېقىملىق سادالار ئاڭلاندى. بۇ سادالار خۇددى بىر كاككۇك باش ئۈستىمىزدە سايرىسا، يەنە بىر نەچچە كاككۇكنىڭ يىراق ـ يىراقلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن سايرىغىنىغا ئوخشايتتى. مەن شۇ چاغدىلا شاھمۇھەممەدنىڭ نازۇك ھېسسىيات ئۇچقۇنلىرىنى ئىپادىلەشكە بەش تارنىڭ كەملىك قىلغانلىقىنى بىلدىم.

ئۇ قاما سەرپۇش قىرلاپ كىيىپ، ماشىرەڭ دۇخاۋا يەكتەكنى ئۈستىدىن بەلبېغىنى چىڭ باغلاپ قانچە ئون يىل مابەينىدە قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق، گۇما، خوتەن، لوپ، چىرا، كېرىيە، نىيە قاتارلىق جايلىرىدا نەچچە مىڭ قېتىم داستان ۋە ناخشا ئوقۇدى. ئۇنىڭ:

ساۋاتسىزلار ئوخشايدۇ
قانىتى يوق كەپتەرگە.
كۆندۈرەيلى قولىمىزنى
قەلەم بىلەن دەپتەرگە.

خەقتىن سوراپ تاپىدۇ
ساۋاتسىزلار بانكىنى.
بىلىملىكلەر ياسايدۇ
ئايروپىلان، تانكىنى ...

دېگەنگە ئوخشاش ناخشىلىرى دېھقانلارنىڭ ساۋات چىقىرىپ پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىغا كۈچلۈك ئىلھام بەردى.

شاھمۇھەممەد 1959 ـ ، 1962 ـ ، 1965 ـ يىللىرى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن دېھقان، چارۋىچىلار سەنئەت كۆرىكىدە 30 نەچچە يىللىق جاپالىق ئىزدىنىشچانلىقى ئارقىلىق پىشىپ يېتىلگەن راۋاب چېلىش ماھارىتى بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ۋە خەلق ئاھاڭلىرى جەۋھەرلىرىنى ئورۇنداپ باھالىغۇچىلارنى ھەم تاماشىبىنلارنى ھەيران قالدۇرغانلىقتىن ئۈچ قېتىم بىرىنچى دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، شۇنىڭدەك شۇ چاغدىكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋالىي ئېنىۋەر، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

شاھمۇھەممەد 1979 ـ يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر سەنئەت كۆرىكىدە:



ئويناڭ بەختى بار باللا (2003 ـ يىل 26 ـ ئاپرېل)

www.uyghurkitap.com





شاھمۇھەممەد ئوغلى ۋە نەۋرىسى بىلەن

بېيجىڭنى كۆرۈپ باقسام،
كوچىلىرى ئاۋاتكەن.
پارتىيىنىڭ سۆزلىرى
ھەسەل بىلەن ئاۋاتكەن.

سۇنىڭ سۈزۈكى نەدە،
قۇدۇق بىلەن بۇلاقتا.
پارتىيىنىڭ سۆزىنى
چىڭ ساقلايمىز قۇلاقتا ...

دېگەنگە ئوخشاش ناخشىلىرىنى ئورۇنداپ تاماشىبىنلارنىڭ يۇكسەك ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. ئويۇندىن كېيىن شۇ چاغدىكى دۆلەت رەھبەرلىرىدىن بۇرھان شەھىدى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— سىزگە رەھمەت، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۈمىدىنى ياخشى ئاقلىدىڭىز، — دېدى. مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى دۆلىتىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىغا بىر نەچچە يىل ئاڭلاتتى. شاھمۇھەممەد شۇ قېتىمقى كۆرەكتىلا جوڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى. مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى 1992 - يىلى شاھمۇھەممەدكە «خەلق مۇقامچىسى» دەپ شەرەپلىك نام بەردى ۋە مۇكاپاتلىدى. شاھمۇھەممەد 1985 - يىلدىن باشلاپ 15 يىل سىياسىي كېڭەش قاراقاش ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولدى.

شاھمۇھەممەد ئون بەش ياشلىق ئوغلى نۇرمۇھەممەدنى راۋاب چېلىش كەسپىدە تەربىيىلىمەكتە. نۇرمۇھەممەد چوڭ - كىچىك سورۇنلاردا «مەشۇقۇم» قاتارلىق ناخشىلارنى مۇستەقىل ئورۇندىيالايدىغان بولدى.

شاھمۇھەممەد بۇ يىل 89 ياشقا كىرىپ قالدى. ئۇنىڭ ئاڭلىغۇچىلىرىنىڭ كۆڭلىنى «ئۇ ئالەمدىن ئۆتسە بىزگە كىم داستان ئېيتىپ بېرىدۇ؟» دېگەن سوئال بىئارام قىلماقتا. چۈنكى بۇ گۈلنىڭ پۇرىقى ئۇ گۈلدە يوق. بۇ قوغۇننىڭ تەمىنى ئۇ قوغۇندىن تېتىغىلى بولمايدۇ. كاككۇكنىڭ ناخشىسىنى تورغاي ئېيتالمايدۇ. بىز ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ ئۇستاز راۋابچىغا خاتىرجەملىك، سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز.

بىر قاراپ قويۇڭ دېسەم ...
(شاھمۇھەممەد ئورۇندىغان)

خوتەن دېگەن شەھەر،
بىر باي بار دەيدۇ.
ئۇل باينىڭ جۈپتەك - جۈپتەك،
بەش قىزى بار دەيدۇ.
بىرىنىڭ ئېتى ھىلىمە ئاغىچا،
بىرىنىڭ ئېتى سىلىمە ئاغىچا،
بىرىنىڭ ئېتى نومۇس ئاغىچا،
بىرىنىڭ ئېتى قومۇش ئاغىچا،
بىرىنىڭ ئېتى ئىشتىن قىچىپ
جۇشتە قوپقان سولاش ئاغىچا.
ماڭا قاراڭ سولاش ئاغىچا،
كىمگە تېگىسىز، دېسەم،
سىزگە تېگمەن، دەيدۇ.
نىمە ئالاي تويلۇققا، دېسەم.
ماڭا مەيلىڭىز بولسا ئۇغالەي،
دوپپا ئەكىلىڭ، دەيدۇ.
دوپپىچى ئەمەسمەن، قۇلپىچى ئەمەسمەن،
قانداق قىلىمەن يارىم، دېسەم.
يارغا مەيلىڭىز بولسا ئۇغالەي،
دوپپىچى بولۇڭ، دەيدۇ.
ئۆيۈمگە بېرىپ، ساندۇقنى ئېچىپ،
ياچەننى قويۇپ، داچەننى ئېلىپ،
ئارغىماقنى مىنىپ قەشقەرگە بېرىپ،
دۇكاننى ئېچىپ
ئالتۇن قاداقلىق دوپپىنى ئېلىپ،

ئېزىلىپ كەتمىسۇن دەپ بېشىمغا كىيىپ،
يارىم قېشىغا كەلسەم،
كېلىنلىك مەشۇقۇم، دەيدۇ.
بىر قاراپ قويۇشقا ئەمدى، دېسەم،
ئەينىكىم قېنى، دەيدۇ.
ئەينەكچى ئەمەسمەن، چەينەكچى ئەمەسمەن،
قانداق قىلىمەن يارىم، دېسەم.
ماڭا مەيلىڭىز بولسا ئۇغالەي،
ئەينەكچى بولۇڭ، دەيدۇ.
ئۆيۈمگە بېرىپ ساندۇقنى ئېچىپ،
ياچەننى قويۇپ داچەننى ئېلىپ،
ئارغىماقنى مىنىپ،
قەشقەرگە بېرىپ،
دۇكاننى ئېچىپ،
ئەينەكنى ئېلىپ،
توپا قونمىسۇن دەپ خۇجۇنغا سېلىپ،
يارىم قېشىغا كەلسەم
كېلىنلىك مەشۇقۇم، دەيدۇ.
بىر قاراپ قويۇڭ، دېسەم.
ماڭا مەيلىڭىز بولسا ئۇغالەي،
ئۇسما قېنى، دەيدۇ.
ئۇسمىچى ئەمەسمەن،
پوسمىچى ئەمەسمەن،
قانداق قىلىمەن يارىم، دېسەم،
ئۇسمىچى بولۇڭ، دەيدۇ.
ئۆيۈمگە بېرىپ ساندۇقنى ئېچىپ،
ياچەننى قويۇپ داچەننى ئېلىپ.
ئارغىماقنى مىنىپ،
قەشقەرگە بېرىپ،
بىر مو يەرنىڭ كۆكىنى ئېلىپ،
ھەممىسىگە ئۇسمىنى تېرىپ،
بىر غېرىچ ئۆسكەندە ئورغاقتا ئوراپ،
ئارغىماققا ئارتىپ،
تۆشلۈكنى تارتىپ،
ئۈزۈمنى چاغلاپ،
بېلىمنى باغلاپ.
ئىككى يېنىمغا قاراپ،
بۇرۇتنى تاراپ،
يارىم قېشىغا كەلسەم،
كېلىنلىك مەشۇقۇم، دەيدۇ.
بىر قاراپ قويۇڭ، دېسەم.
چاققان ئۇغالكەنسىز، دەيدۇ.
قاچان قىلىمىز توينى، دېسەم.
تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە ئۇغالەي
تەككەن بىر كۈنى، دەيدۇ.

مۇھەررىرى: تۇرنىسا باقى

## پوچى ئالۋاستى

بۇرۇنقى زاماندا پو ئېتشىنى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئالۋاستى بولغانىكەن. ئۇ ئۆزىنى پو ئېتىشتا تەڭدىشىم يوق دەپ ھېسابلايدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ ئىنسانلار ئارىسىدىمۇ پو ئېتىشىنى ياخشى كۆرىدىغانلار بار ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، بەسلىشىپ باقماقچى بوپتۇ. ئۇ بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ:

-ھوي، ئادەم بارمۇ؟ -دەپ توۋلاپتۇ. بىر كىچىك بالا چىقىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ.

- ھەي، ئۆيۈڭدە چوڭلار بارمۇ؟ مەن ئۆيۈڭدىكىلەر بىلەن پو ئېتىشتا بەسلىشىمەن، -دەپتۇ ئالۋاستى. كىچىك بالا:

-ھېلى بوران چىقىپ، بىر تاغنى ئۆرۈۋەتكەنىدى، دادام ئۇنى كالتەك بىلەن تىرەپ قويغىلى كەتتى، -دەپتۇ.

-ئۇنداقتا ئاپاڭچۇ؟ -دەپ سوراپتۇ ئالۋاستى. بالا:

- سەن تېخى بىلمەمسەن؟ تاغ ئاسماننى يىرتىۋەتكەن ئىكەن، ئاپام ئىككى تال يىپنىڭ تېرىسىنى ئېلىپ ئاسماننى ياماپلى كەتتى، - دەپتۇ. پوچى ئالۋاستى «ئىش چاتاقمۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپتۇ ۋە:

-ھەي، مەن بىر چوڭ تۆمۈر قوڭغۇراقنى ئىزلەپ كەلگەنىدىم. بايا قاتتىق بوران چىقىپ ئۈچ مىڭ پاتمان كېلىدىغان قوڭغۇراقنى بىر تەرەپكە ئۇچۇرۇپ كەتكەنىدى، -دەپتۇ.

-ھە، ھېلى قوڭغۇراقمىدى، مەن ئۇ قوڭغۇراقنىڭ بىزنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى ئورمانلىقتا ئۆمۈچۈك تورىغا ئىلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرگەنىدىم، - دەپتۇ بالا. بۇنى ئاڭلىغان پوچى ئالۋاستى «ئىنسانلار ئىچىدىكى كىچىك باللارمۇ بۇنچىلىك يامان بولسا، چوڭلارغا تېخىمۇ گەپ كەتمىگۇدەك. قارىغاندا ئىنسانلار پو ئېتىشتا ئالۋاستىلاردىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىكەن» دەپ، ئىنسانلار بىلەن بەسلىشىشتىن يېنىپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

# ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت*



نوشىرۋان يائۇشېف (روسىيە)

**ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ھاياتىدىن خەلق ئەدەبىياتى**

ئالتە شەھەر تەبىئىي گۈزەللىكلەرگە بەك باي بولمىسمۇ، تۇرمۇش ۋە مەئىشەتلىرى ئۆزىگە خاس قىزىق بولۇپ، بەك كۆڭۈللۈك ياشايدۇ.

ئالتە شەھەردە ھەممە ئۆيدە دېگۈدەك بىردىن دۇتار ساقلىنىدۇ. بولۇپمۇ خوتۇن - قىزلىرى نەغمە - ناۋاغا ئامراق كېلىدۇ. دۇتار چېلىشنى بىلمەسلىك خوتۇن - قىزلار ئارىسىدا زور ئەيىب ۋە نادانلىق سانىلىدۇ.

بىر قىزنىڭ ئۇزلۇقى، زىبالىقى، ياخشى - يامان بولۇشى، يۇرۇش - تۇرۇشى، خۇلقى - مىجەزى، ناخشا ئېيتىشقا ۋە سۆزگە ماھىرلىقى قانچىلىك ئەھمىيەتلىك سانالسا، بۇنىڭ ئىچىدە دۇتار چېلىشنى بىلىشى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، خوتۇن - قىزلارنىڭ بوش ۋاقىتلىرى دۇتار چېلىشنى ۋە ناخشا ئېيتىشنى ئۆگىنىش بىلەن ئۆتىدۇ.

يازنىڭ تازا ئەلۋەك ۋاقىتلىرىدا بىزدىكى يىغىلىش (جيون) ۋە سابان تويلىرىغا ئوخشاش مىللىي ئويۇن ۋە بايراملىرى ھەم «مەشرەپ» نامىدا ئىلمىي ۋە ئەدەبىي يىغىلىشلىرى بولىدۇ. مەشرەپلەردە ئۈچ - تۆت كىشىدىن تەركىب تاپقان مىللىي ئوركېستىر، مىللىي سازلار بىلەن خەلق ناخشىلىرى ئېيتىلىدۇ. ياشلارنىڭ مەشرەپلىرىدە قىز - چوكانلار ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

نەغمىچى ئەرلەر غايەت مۇڭلۇق ۋە ئېسىل كۈيلەر بىلەن مىللىي ناخشىلارنى ئېيتىدۇ. فۇزۇلى ۋە نەۋايى شېئىرلىرىنى دۇتار، تەمبۇر ۋە غېجەكلەر بىلەن ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇيدۇ.

ياش يىگىتلەر ۋە قىز - چوكانلار ئارىسىدا مۇھەببەتلىشىش ئىشلىرى بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىشقى - مۇھەببەت ئوتلىرى ئىچىدىلا يېنىپ، مۇھەببەت يالقۇنىنى تېشىغا چىقىرىشقا مۇمكىن بولماي قالىدۇ. ئەمما مۇھەببەت خەتلىرىنى يېزىش بىزنىڭ كونا مەدرىس ئۇسۇلىدا بولىدۇ. خەتنى كۆپىنچە مەدرىسە تالىپلىرىغا يازدۇرىدۇ.

---

* بېشى ئۆتكەن ساندا



2005. 4

## خەلق ناخشىلىرى

ئانار گۈلى ناپەرمان، مەن يارىمنى تاپارمەن
مەن يارىمنى تاپقاندا مۇرادىمغا يېتەرمەن.

ئالما گۈلى قىسمايمەن، ئۇچۇپ كېتىدۇ يەلگە،
چوكان ئاشنا تۇتمايمەن، تېگىپ كېتىدۇ ئەرگە.

ئېگىز ئاسمانغا شوتا يوق، ئۇلۇغ دەرياغا كۆۋرۈك يوق،
گۇۋاھ بولسۇن خالايىق، سەندىن ئۆزگە يارىم يوق.

كەتسەڭ كېتىۋەر يارىم، كەتسەڭ نېمە پەرۋايىم،
ئەزىز باشىم ساق بولسا ھەر يەردە مىڭ يارىم.

كېچە كەلدىم مەن ئۆيۈڭگە، قىزىل گۈلۈم كەلمىدى،
قىزىل گۈلۈم كەلگۈچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى.

ئايۋانىڭدا ياتقاندا چاڭخوراڭدىن ① ئاتاي تاش،
يۈرەك ئېقىپ سۇ بولدى، بىر باقمايدۇر قەلەم قاش.

بىر مۇنچە زامان بولدى ئالەم چۆرگىلەي دەيدۇ،
يۈرەكتىكى زەرداپ سۇ قانغا ئۆرلەي دەيدۇ.

ئەجەب كەلمىدىڭ يارىم، يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم،
قولۇمغا قوش پىچاق ئالىپ يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم.

ئالتە شەھەردە مۇنداق ناخشا ـ قوشاقلار بەك كۆپ. بىراق، بىز يۇقىرىقىلار بىلەنلا بولدى قىلىمىز. ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى ئۇچۇن مۇشۇلارنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك.

ئۇلار ئازغىنە سۆزلەردىن بەك كۆپ مەنىلەرنى چىقىرالايدۇ. ئەپسۇسكى، بۇنىڭدىن ئارتۇق يېزىش لازىم كۆرۈلمىدى.

ئەجەب كەلمىدىڭ يارىم، يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم،
قولۇمغا قوش پىچاق ئالىپ يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم.

نېمىدېگەن دەھشەتلىك، نېمىدېگەن مۇبالىغىلىك، نېمىدېگەن گۈزەل شېئىر.

بۆكنى چۆكۈرۈپ كىيگەن، كەڭ ۋە قېلىن چاپانغا ئورالغان ئاددىي بىر كىشى ئاغزىدىن ئاڭلىغاندا، ئېھتىمال بۇ شېئىر ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى ئانچە تارتىپ كېتەلمەس. ئىشقىلىپ بىر قۇلاقتىن كىرىپ يەنە بىر قۇلاقتىن چىقىپ كېتەر. ئەمما بۇ شېئىرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى، ئاشۇ شېئىر قايناپ چىققان يۈرەكنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرسە ئەقىللەر ھەيرەتتە قالۇر. بۇ شېئىرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مۇنداق بىر ۋەقە سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن:

بىر دەردمەنىنىڭ جان ـ جىگەر يارى پۇل تېپىش ياكى دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىپ شەھەر ئېلىش نىيىتى بىلەن ئېتىغا مىنىپ سۆيگىنىدىن ئايرىلىپ كەتكەن. لېكىن دېگەن ۋاقىتتا ئۆيگە قايتمىغان، ئۆيدە قالغان سۆيگىنى ئۇنى سېغىنغان، ئۆگزىگە چىقىپ يارى كەتكەن يولغا قاراپ زارىقىپ كەتكەن.

بىر يىل ئۆتكەن، ئىككى يىل ئۆتكەن، لېكىن يارىدىن ھېچبىر خەۋەر كەلمىگەن. خوتۇن يالغۇزلۇقتا غۇربەتتە ۋە مۇشەققەتتە قالىدۇ. ئۇنىڭ ھېچبىر يېقىنى، قايغۇسىنى تارتىشىدىغان دوستلىرىمۇ بولمايدۇ، بولسىمۇ يېنىدا كىچىككىنە بىر بالىسىلا قالغان.

يارىنىڭ كەينىدىن ئىزدەپ بېرىشنىمۇ ئويلايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمەيدۇ. ئاقىۋەتتە قەلبى ئۆرتىنىدۇ، پۈتكۈل ۋۇجۇدى سۇغا چۈشكەن قەغەزدەك ئېرىيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىلگىرىكى بەختىيار كۈنلىرىنى ئەسلەپ دۇتارنى چېلىشقا باشلايدۇ. گۈزەل ۋە مۇڭلۇق كۈيلەرنى ئىجاد قىلىدۇ.

قاتتىق ئۆرتەنگەن قەلبىدىن، غايەت نازۇك مەنىلىك قوشاقلارنى توقۇيدۇ. مانا شۇ سەۋەبلىك:

ئەجەب كەلمىدىڭ يارىم، يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم،
قولۇمغا قوش پىچاق ئالىپ يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم.

دېگەن قوشاق كېلىپ چىقىدۇ.

ئېرىنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىدىن ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىغاچقا ئۇ باشقا ئەرگىمۇ چىقمايدۇ، ھامان كۈتىدۇ. لېكىن يىللار، ئايلار ئۆتۈپ خوتۇنىنىڭ ياشلىق دەۋرى كېتىپ قېرىيدۇ، يىغلاپ، يىغلاپ كۆز نۇرلىرىدىنمۇ ئايرىلىدۇ، شۇ پەيتتە:

يارىم ئاتلىنىپ كەتتى، قامچا ياندا كەتتى،
ئۆز يۇرتۇم دېگەن بىلەن جەمي غۇربەت ماڭا يەتتى.

---

① چاڭخوراڭ ـــ دېرىزە

MIRAS

uyghurkitap.com



سىم ـ سىم ئارىلاپ، سىم ـ سىم ئارىلاپ دەرياني بويلاپ،
ئىككى كۆزۈم يېشىر بولدى، مەن يولۇڭغا قاراپ.

دېگەن قوشاقلارنى توقۇيدۇ.

كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭ سۆيۈملۈك يارى بەلكى ئۇ يەردە باشقا بىر يار تاپقاندۇر:

رومالىم قارا دۇردۇن، يار بېلىگە قىستۇردۇم،
ساڭا بەرگەن كۆڭۈلنى ئالتى بولدى ياندۇردۇم.

دەپ ناخشا قاتقاندۇر ياكى غۇربەتتە قېلىپ مالـدىن، ئات ـ تونىدىن ئايرىلغاندۇر ۋە:

باردىم دەريا كەچىكلى، ئولتۇردۇم سۇ ئىچكىلى،
كەلسە يارىمدىن خەۋەر قاناتىم يوق ئۇچقىلى.

دەپ ئاھ ئۇرۇپ بەريات چەككەندۇر ...

مانا مۇشۇلاردىن قارىغاندا ئالتە شەھەر خەلقىدە ئىلگىرىكى مەزگىللەردە سۆيگۈ ساداقىتى خېلى كـۈچلـۈك بولغان بولسا كېرەك. بۇنى:

لەيلى ـ مەجنۇن شاخ ئېگىلدى، يار ئېگىلمەيدۇر ماڭا،
يا كېلىپ ئالغىل بۇ جاننى يا كۆڭۈل بەرگىل ماڭا.

دېگەن قوشاق بىلەن ئىسپاتلاش يېتەرلىك. شائىر يـەنـە مۇنداق دەيدۇ: مەن سېنى سۆيىمەن، جامالىڭنىڭ مۇھەببىتى شەربىتىگە ئالدىڭدا باش ئېگىمەن. بۇلبۇل قونغان شاختەك سەنمۇ ماڭا كۆڭۈل بەر. بولمىسا جانىمنى ئال ...

### ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ تىل ۋە ئەدەبىياتلىرى

تىل ۋە ئەدەبىيات مەسىلىسى ھەمىشە كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان تېما. بۇ مۇنداق قارىماققا، ئېيتماققا ئاساندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەسلىدە تىل ۋە ئەدەبىيات دېڭىزىنىڭ تۈۋى خېلى چوڭقۇردۇر. تىل ـ ئەدەبىيات دېڭىزىدا ئۈزۈشنى بىلىش ئۈچۈن ياخشى مەلۇمات، نۇرغۇن تەجرىبە ۋە ماھارەت كېرەك.

ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ تىل ـ ئەدەبىياتى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات بابلىرىنى تولدۇرغۇدەك رەۋىشتە باي ۋە دولقۇنلۇق بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ بۇ ھەقتىكى مەلۇماتىم ئاز. شۇڭا، ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ تىل ـ ئەدەبىياتى ھەققىدە يازماقچى بولغانلىرىمنىڭ قۇسۇرى ئەپۇ ئېتىلسە دەپ تىلەيمەن.

ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ مۇھىم قورالى تىل بولغىنىدەك ئۇ قورالنى ئىشلەتكۈچى سۆز ئۇستىلىرىمۇ ئەدىب ۋە شائىرلاردۇر. ئالتە شەھەرنىڭ ئەدىب ۋە مۇھەررىرلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسەرلەرنى كۆرۈش ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم بولسىمۇ، ئەپسۇسكى تا بۈگۈنگىچە ئۇنداق ئەسەرلەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدىم. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇچرىتالىسامىمۇ ئۆزۈمنى بەك بەختىيار ھېسابلىغان بولاتتىم.

ئالتە شەھەردە بۈگۈنكى كۈندە ئىجادىيەت بىلـەن شۇغۇللانغۇچى زاتلار يوق. شائىر ۋە يازغۇچـىـلارنـىـڭ بارلىقىمۇ ماڭا مەلۇم ئەمەس. قەشقەردە تۇرۇشلۇق، روسىيىلىك ئۆزبېكلەردىن زىرىپ قارى ھاجى جانابلىرىنىڭ بىر مۇنچە ئەسەرلىرى بار بولسىمۇ، لېكىن نېمە سەۋەبتىندۇر نەشر قىلماي تۇرۇپتۇ. يازغان ئەسەرلىرىنى ئۆز ئۆيىدە، ئۆز كىتابخانىسىدا ساقلايدىكەن. ئەرەب تىلىنىڭ تەلخىس ۋە بالاغىتى ئۇرنىدا يېزىلغان «ئەدەبىياتى تۈركىيە» دېگەن ئەسىرى ماڭا بەك تەملىك تۇيۇلغانىدى. مۆھتەرەم زىرىپ قارى ھاجى جانابلىرىنىڭ بۇنـىـڭـدىن باشقىمۇ بىر نەچچە مۇھىم ئەسەرلەر يازغانلىقى مەلۇم. تىل ۋە ئەدەبىيات ھەققىدىكى يازمىلىرىنىڭ مەتبـۇئـات ئالەمىگە چىقىشىنى ھەمىشە ئارزۇ ئەتمەكتىمەن. ياركەنتتە تۇرۇشلۇق تەجەللى ساھىپ دېگەن بىر زاتنىڭ ئەرەبىي قەسىدىلىرى، نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرى بار دەپ ئاڭلىدىم. ئەرەبچە بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئىزدەپمۇ كەتمىدىم ۋە كۆرمىدىم.

ئالتە شەھەردە ئەدىبلەر ئورنىدا قايىم ماقام بولۇپ تۇرغۇچى مەدداھلارنىلا كۆرگىلى بولىدۇ.

مەدداھلارنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ تېمىلىرى ئەھمىيەتسىز بولسىمۇ، ئۇنى مەسەللەر بىلەن زىننەتلەپ چـىـرايـلىـق سۆزلىگەنلىكلىرى جەھەتتىن ئۇلارنى تىل ـ ئەدەبـىـيـات ماشىنىلىرى دېيىشكە لايىقتۇر. بۇلارنىڭ ھەرىـكـەت ۋە سۈكۈناتلىرى، ھاياجانلىق ۋە مەيۈسلۈك جايلاردا ئاۋازلىرىنى گاھ كۆتۈرۈپ، گاھ چۈشۈرۈپ ئۇرغۇلۇق ئېيتىشلىرى ناھايىتى جايىدىدۇر. شۇڭا مەدداھلارنىڭ سۆزلىرى يېقىملىق ۋە ھېكايىلىرى تەسىرلىك بولۇپ چىقىدۇ.

مەدداھلار تېما تاللاشتا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ئىش كۆرىدۇ. شۇڭا سۆزلەۋاتقان نەرسىلىرىـنـىـڭ كۆپىنچىسى ئەۋلىيالارنىڭ كاراماتلىرىغا دائىر نەرسىلەر بولىدۇ. بۈگۈن بىر مەدداھتىن ئاڭلىغان بىر ھېكايىنىڭ

مەزمۇننى بۇ يەردە قىسقىچە يېزىپ ئۆتمەكچىمەن.

بەلىخ شەھىرىدە دىۋانە ۋە قەلەندەر سۈرىتىدە يۇرىدىغان بىر ۋەلى بار ئىكەن. كوچىمۇ كوچا قەلەندەرلىك قىلىپ يۇرىدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا پادىشاھنىڭ ئالىي، ھەشەمەتلىك ئىمارەتلىرى كۆزىگە كۆرۈنۈپتۇ، بېشىنى شۇنداق كۆتۈرۈپ قارىسا نېمىسىنى ئېيتقۇلۇق، يۇزىدىن نۇرلار يېغىپ تۇرغان بىر قىز دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرغۇدەك. قىزنى كۆرگەن زامان قەلەندەرنىڭ يۇرىكىگە ئوت تۇتۇشۇپ ئاشىقى بىقارار بوپتۇ، قىزنىڭ جازىبەسى قەلەندەرنى مەھلىيا قىپتۇ. قەلەندەر سارايغا كىرىپ پادىشاھنى ئىزدەپتۇ، پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ: — نېمە كېرەك؟! دەپ سوراپتۇ. دىۋانە مۇنداق دەپ سۆزنى باشلاپتۇ:

— ئەي پادىشاھ، جاھاندا مەن سىزدىن پۇلمۇ سورىمايمەن، كىيىم - كېچەكمۇ سورىمايمەن، دۆلەت ۋە مەنسەپ ئارزۇيۇممۇ يوق. پەقەت بىرلا ئەرزىم باركى، ئەگەر ئىجازەت بېرىلسە سۆزلىسەم: ھەزرەتلىرىنىڭ بالاغەتكە يەتكەن 12 ياشلىق بىر قىزلىرى بار ئىكەن، پېقىر ئاشۇ قىزىڭىزنى كۆرۈپ ئاشىقى بىقارار بولدۇم. مەن سىزدىن ئاشۇ ئاي يۇزلۇكنى، سورايمەن.

پادىشاھ قاتتىق غەزەپلىنىپ «جاللات» دەپ تۈۋلەدى. مىڭلارچە كۆزلەرنى ئويغان، مىڭلارچە تىللارنى كەسكەن، يۇزلەرچە باشلارنى تەندىن ئايرىغان يەتتە جاللات ھازىر بولدى.

لېكىن بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولغان بەلىخنىڭ ئۆلىماسى شاھ ھۇزۇرىغا يېتىپ كەلدىلەر ۋە:

— «ئىشق ئىنساننىڭ تىزگىننى يوقىتىدىغان بىر نەرسىدۇركى، قىزىڭىزغا ئاشىق بولغان سەۋەبلىك بۇ قەلەندەرنى ئۆلتۈرۈشىڭىز شەرىئەتكە توغرا كەلمەيدۇ. «بەرمەس قىزنىڭ تويلۇقى چوڭ» دېگەندەك قىزىڭىزنى بەرگۈڭىز كەلمىسە، ئۇنىڭدىن جىق تويلۇق سوراش كېرەك. مەسىلەن، دۇنيادا ئۈچلا يەردە گۆھەر بار: بىرى چىن خاقانىنىڭ خەزىنىسىدە، بىرى سۇلتان خەلىپىنىڭ خەزىنىسىدە، يەنە بىرى قاپ تېغىنىڭ ئارقىدا. مانا بۇ گادايغا شۇنداق گۆھەردىن بىر جۈپنى تويلۇق سېلىشىڭىز كېرەك. بۇ گاداي چۆل - باياۋانلاردا شۇ گۆھەرلەرنى ئىزدەپ ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلىدۇ. شۇنىڭدا قىيامەت كۈنى تەڭرى ئالدىدا بۇ ئىشقا مەسئۇل بولمايسىز، — دېدى.

ئۆلىمانىڭ بۇ سۆزى پادىشاھقا ماقۇل كەلدى ۋە قەلەندەرگە شۇ شەرت بىلەن قىزنى بەرمەك بولۇپ ئۇنى يۇرتتىن قوغلاپ چىقاردى. قەلەندەر ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ ھالىنى بايان قىلدى. ئانىسى: — بۇ ئىش مۇمكىن ئەمەس، گۆھەر تېپىلمايدۇ، ئۇنداق گۆھەرلەرنى شور دەريا (قارا دېڭىز)دا بار دەپ ئاڭلىدىم، لېكىن ئۇ يەر بەك يىراق، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنى دەريا تېگىگە چۈشۈپ ئېلىش بەك قىيىن — دەپتۇ.

ئانىسىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان قەلەندەر خۇش بولۇپ قارا دېڭىز سەپىرىگە ئىجازەت سوراپتۇ. ئانىسى رۇخسەت بەردى، دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ ئەۋلىيادىن مۇشكۇللەر ئاسان، غايىبلار ھازىر، يىراق يول قىسقا بولسۇن، دەپ ئۆتۈندى. قەلەندەر «ياپىرىم» دەپ بىر ئاتلىغانىدى، بارچە يولنى بىر يول بېسىپ، ئىككىنچى ئايىغى بىلەن شور دەرياغا دەسسىدى. ئۇ بويىنغا سۇ تولدۇرۇلغان بىر تۇلۇم ئاسقان، قولىغا كىچىكرەك بىر جام تۇتقانىدى. قولىدىكى ياغاچ جام بىلەن دېڭىزدىن بىر جام سۇ ئېلىپ تۇلۇمغا قۇيدى. دېڭىزنىڭ سۇيى ئۈچ غۇلاچ پەسەيدى. تۇلۇم يېرىممۇ بولمىغانىدى، ئەمما دېڭىزنىڭ سۇيى ئازلا قالدى. قەلەندەر ئوڭ - سولىغا باقماي تۇلۇمنى سۇغا تولدۇرۇش بىلەن بەند ئىدى. بىر چاغدا سۇ ئۇستى قوغۇنلۇق بوستانلىقتەك ئادەم باشلىرى بىلەن تولۇپ كەتتى. قەلەندەر بۇ باشلارنى كۆرۈپ ھەيرەتتە قالدى. باشلار سۇ ئۇستىدە تورلۇك تۇستە بولۇپ سەكرەشكە باشلىدى. بۇ سۇنىڭ ئاستى ئادەم باشلىرى بىلەن تولغانىدى. بۇ ئادەمى ماھى دېيىلەتتى. بۇ ئىش سۇ ئادەملىرى ئۈچۈن بىر بالا بولدى. چۈنكى ئۇلار بېلىقتەك سۇ ئىچىدىلا ياشىيالايتتى. كۈن نۇرىغا چىدىيالمايتتى. بۇ ئىشتىن سۇ خەلقىنىڭ پادىشاھلىرىمۇ خەۋەردار ئىدى. بۇ ھەقتە مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىما ۋە ئەۋلىيالىرىنى يىغدى. ئۆلىما كىتابقا قارار، پالچىلار پال ئاچار ئىدى. بەزىلىرى بۇنى قىيامەتنىڭ بەلگىسى دېدى، دېمىسىمۇ بۇ بىر قىيامەت ئىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، بىر مۇنچە سۇ ئادىمى ھېلىقى قەلەن-

دەرنىڭ يېنىغا چىقتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ هالاكەتكە يۈز تۇتىدىغانلىقى هەققىدىكى نالە ـ ئەپغانلىرىنى قەلەندەرگە ئېيتتى. قەلەندەرمۇ ئۆزىمۇ بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ۋە دېڭىز سۈيىنى پۈتۈنلەي قۇرۇتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن سۇ ئادەملىرى «گۆهەر» دېگەن سۆزنى چۈشەنمەس ئىدى. قەلەندەر ئۇلارنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا قارىماي: ـــ ئۇ شۇنداق بىر تاشتۇركى، كېچىلىرى ئوتقاشتەك يېنىپ تۇرىدۇ، بىز يەر ئادەملىرى ئۇنداق تاشلارنى بەك ياخشى كۆرىمىز، ـــ دېدى. سۇ ئادەملىرى پادىشاھلىرىغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن قەلەندەردىن رۇخسەت سوراپ سۇ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

پادىشاھ ۋەقەدىن خەۋەردار بولۇپ: ـــ ئاشۇ بىزنىڭ يولىمىزدا پۈتلىشىپ تۇرىدىغان ۋە كېچىلىرى يۇلتۇزدەك كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان تاشلار ئۈچۈنمۇ؟ ـــ دەپ قاقاقلاپ كۈلدى ـ دە، ئۆز پۇقرالىرىنى ئۇ تاشلارنى دېڭىزنىڭ تېشىغا چىقىرىۋېتىشكە بۇيرۇق قىلدى. بىر چاغدا گۆهەر ـ ياقۇتلارنى يەرگە ياغدۇرۇشقا باشلىدى، دېڭىز ساهىلى گۆهەردىن تاغ بولدى. بۇنى كۆرگەن قەلەندەر تۇلۇمدىكى سۇنى دېڭىزغا تۆكتى، دېڭىز ئىلگىرىكى هالىغا قايتتى.

قەلەندەر گۆهەرلەرنى تۇلۇمغا قاچىلاشقا باشلىغاندى، شۇ پەيتتە بىر ئاقساقال كىشى پەيدا بولدى. بۇ كىشى خىزىر ئەلەيهىسسالام ئىدى. ئۇ: ـــ هەي ۋەلى، بۇ تاشلارنىڭ هەممىسىنى ئېلىۋالما، قىيامەتتە هېسابىنى بېرىپ تۈگىتىش تەسكە چۈشىدۇ. 80 تاللا ئال، قالغىنى قالسۇن، ـــ دەپ كۆزدىن يۈتتى.

قەلەندەر 80 دانە ياخشى گۆهەرنى تۇلۇمغا سېلىپ ئىككى دانىسىنى 40 ياماقلىق يانچۇقىغا سېلىپ «ياپەرىم» دېگەندى، ئۆزىنى ئۆز شەهىرىدە كۆردى ۋە ئۇدۇل پادىشاھ قېشىغا بېرىپ ئىككى دانە گۆهەرنى ياماقلىق يانچۇقى بىلەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويدى. پادىشاھ گۆهەرنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي «بەلخ پادىشاھى ئۆزىنىڭ يالغۇز ئارزۇلۇق بالىسى بولغان قىزىنى بىر قەلەندەرگە بەردى» دەپ ئاھ ئۇردى.

بارلىق ۋەزىرلىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ كېڭەش قىلدى، كۆڭلىگە ياقمىغان پىكىرلەرنى قىلغان ئالىملارنى ئۆلتۈرۈش بىلەن قورقۇتتى. ئاخىرىدا قەلەندەرنىڭ بارلىق گۆهەرلىرىنى ئېلىۋېلىپ ئۇنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقاردى.

قەلەندەرنىڭ گۆهەرلەرگە ئىچى ئاغرىمىدى، يۈرىكىدە ئىشق ئوتى هەمىشە يانماقتا ئىدى.

بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قەلەندەرنىڭ مەشۇقى بىمەزگىل ۋاپات بولدى. پادىشاھ بۇ مۇسىبەتتىن قاتتىق قايغۇردى. قەلەندەر قەبرىستانلىققا بارغاندى، هېلىقى قىزنىڭ گۆرى ئېچىلدى، قەلەندەر ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى، چۈنكى قىز تىرىلگەنىدى، قەلەندەر ئۇنى قەبرىدىن چىقىرىپ، شۇ يەردىكى بىر مازار شەيخىغا نىكاھ ئوقۇتۇپ قىزنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى.

بىر يىل ئۆتەر ـ ئۆتمەي غايەت چىرايلىق بىر ئوغۇل تۇغۇلدى. بۇ بالىنىڭ ئىسمىنى ئىبراهىم قويدى. مەشهۇر ئىبراهىم بىننى ئەدهەم دېگەن مانا مۇشۇ كىشىدۇر، دەيدۇ.

خوتەن شەهىرىدە بىر نەچچە يىلدىن بېرى يەرلىك كېسەللىكلەر ۋە ۋابا كېسىلى هۆكۈم سۈرۈۋاتىدۇ. خوتەن ئەهلى بۇنى شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارنىڭ كۆپەيگەنلىكىدىن كۆرىدۇ. شۇ سەۋەبلىك خوتەن موللىلىرىدىن بىرى بىر رىسالىمۇ چىقاردى. كىتاب 30 بەتلىك بولۇپ نەزىم بىلەن يېزىلغان. بۇ ئەسەرنى بەزىلەر كۆچۈرۈۋالىدىكەن. كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرىدىن بىرىنى مەنمۇ كۆردۈم. نەزمىنىڭ تىلى ئانچە گۈزەل بولمىسىمۇ ئالتە شەهەر تۇرمۇشىدىن ئېلىنىپ يېزىلغان ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن خېلى مۇهىمدۇر. بۇ نەزمىلەردىن بىرمۇنچىسىنى بۇ يەرگە



مەزكۇر سۈرەت بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارتىلغان

كۆچۈرىمىز:

ئۆلىما قىلدى ناماز، تازا قىرائەت قىلمادى،
ئۆمرا رىشۋەت ئالىپ، ئەدلى ئادالەت قىلمادى.،
غېنىلەر پۇلنى يىغىپ، خەيرى ساخاۋەت قىلمادى،
فەقىرلەر تاپقانىغە شۈكرى ـ قانائەت قىلمادى،
بۇ جاھان ئۇشبۇ ئالامەتتىن مۇنداغ بولدى.

ئانى ئابدان دېدىلەر، كىم تولا ئىچسە چاغىر،
ئۆزىگە قىلدى پەسەند، ساتسە يېگىل، ئالسە ئاغىر،
موللا ئاجىزنى خەلق كۆردى تولا ھەقىر،
ئۆلسە باي يۇگەردىلەر، بارمادىلەر ئۆلسە فەقىر،
بۇ جاھان ئۇشبۇ ئالامەتتىن مۇنداغ بولدى.

بىرىسى بولدى قىمارباز، تەقى بىرسى جەلەب،
ئۇتتۇرۇپ بار ـ يوقىنى يۈردى يۈندى يالاپ،
بىرىسى ئوغرى بولۇپ ياتتى ئەلنىڭ قۇلىن ماراپ،
بىرىسى گاداي بولۇپ تۈردى خەلق قولىغا قاراپ،
بۇ جاھان ئۇشبۇ ئالامەتتىن مۇنداغ بولدى.

بىرى دۇنيانى جىيناپ قالدى ئانىڭ ھېرىسى بىلەن،
بىرى پۇل ئۆتنە بېرىپ ئالدى ئانى جەرمى بىلەن،
بىرىسى قالدى ھالاكەتتە ئانىڭ قەرزى بىلەن.
بىرىسى مەرىفەت ئەتتى ئىشى يوق فەرزى بىلەن،
بۇ جاھان ئۇشبۇ ئالامەتتىن مۇنداغ بولدى.

تۈردى بەند ئۇرغالى مىكرى بىلەن ھەر بەندە،
بىرى سازەندە بولۇپ، بولدى بىرى داپەندە،
بىرى رەممال، بىرى ئىشان، بولدى بىرى نوىسدە،
بىرى تا ھەق دەئۋا قىلىپ دېدى پۇلۇم بار سەندە،
بۇ جاھان ئۇشبۇ ئالامەتتىن مۇنداغ بولدى.

كىردى بازارغە ئەرگە خاتۇن ئارالاشىپ،
بىر كۇندە خاتۇننى بەش قويۇپ، ئۈچ ياراشىپ.
بىرى دەللال بولۇپ مىكرى ئەپسۇنلەر قىلدى.
ئېرى پوستەكچى بولۇپ ئەل بىلەن ئورتاقلاشىپ،
بۇ جاھان ئۇشبۇ ئالامەتتىن مۇنداغ بولدى.

مىللىي ئەدەبىي ھېكايە ۋە شېئىرلارنى بۇ كۈندە بىردىنلا ئۆچۈرتىش مۇمكىن ئەمەس. بىراق، خىيالىي ھېكايىلەرنى كۆپلەپ تېپىشقا بولىدۇ.

بىز، تىل ـ ئەدەبىيات مىللەتنىڭ مەدەنىيتى بىلەن بىرگە تەڭ ئۆسىدۇ ۋە باراۋەر تەرەققىي قىلىدۇ، دېگەندۇق. بۇ ئىش ئالتە شەھەردىمۇ شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى. ئەگەر ئالتە شەھەر خەلقىمۇ باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش مىللىي ۋە مۇنتىزىم مەكتەپلەرگە، ئالىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەكتەپلىرىگە ئىگە بولغان بولسىدى، تىللىرى تۈزەلگەن، ئەدەبىياتلىرى كېڭەيگەن ۋە شۇنىڭ بىرگە ئەقىل، پىكىرلىرىمۇ ئۆسكەن بولاتتى. لېكىن ئۇلار دۇنيادا مۇنداق ئىشلارنىڭ بارلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايدۇ. مىللىي تىل، مىللىي ئەدەبىيات، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ساقلاش يولىدا قىلچىلىك ھەرىكەت قىلماي، سۈكۈتتە تۇرىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ھاۋا ۋە ئىقلىمنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن تىللىرى ۋە بەزى ئەدەبىياتلىرى ئەنقىرازغا ئۇچرىماي بۈگۈنگە قەدەر خېلى ياخشى ساقلىنىپ كەلگەن. بۇ ئۇلارغا تەبىئەت ئاتا قىلغان نېمەتمۇ، قانداق؟ بۇلارنىڭ تىللىرىنىڭ مۇنداق ساق ـ سالامەت قېلىشى مىللىي ھېسسىيات بەرىكىتىدە، مىللەتنىڭ بۇ ئىشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن ئەمەس. چۈنكى بۇلاردا مىللىي ھېسسىياتنىڭ بارلىقىدىن ئازراقمۇ ئەسەر يوق. بۇنىڭ ئەكسىچە مەدرىسە كۆرگەن زاتلار ئۆز تىلىدىن نەپرەتلىنىدۇ. بىلۇر ـ بىلمەس پارسچە ۋە ئەرەبچە يازارغا ۋە شۇ تىللاردا سۆزلەشكە تىرىشىدۇ. سەھرادا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، مەكتەپ ۋە مەدرىسە ئىشىكى كۆرمىگەن بىر ئوتتۇنچى بىلەن ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى مەدرىسە ئەتراپىدا چۆرگىلەپ ئۆتكەن بىر موللا تىلى ياكى مەدرىسە تىلى ئارىسىدا خېلىلا چوڭ پەرقنىڭ بارلىقى سېزىلىدۇ. ئالدىنقىسى ئازراقمۇ دۇدۇقلىماي ساپ ئانا تىلىدا سۆزلىگەننىڭ ئەكسىچە كېيىنكىسى تىلىنى چايناپ پارسچە ـ ئەرەبچە سۆزلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ «تىل مەجۇنى» ياسايدۇ. چۈنكى بۇ يەردىكى خەلق مەجۇنگە بەك ئامراق. توغرىسى، مانا مۇشۇنداق مەجۇنچىلەر يەرلىك تىلغا شىددەتلىك زەربە بېرىپ تۇرماقتا.

### دۇئا ۋە سېھىر

ئالتە شەھەر خەلقى دۇئا بىلەن سېھىردىن بەك قور-

uyghurkitap.com



قىدۇ. «دۇئاخان» ۋە «جادۇگەر»لەر روھ ۋە جىنلارنى چاقىرىپ ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەرمىش. بۇ يەردە ئىستىخارە بىلەن ئىش كۆرگۈچىلەرمۇ بار.

دۇئاخانلار كۆپرەك ئەر ـ خوتۇنلار ئارىسىغا ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈش ۋە ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنى سوۋۇتۇشقا تىرىشىدۇ. كۈندەشلىك خوتۇنلار ئۆزلىرىنى سۆيدۈرۈش، كۈندەشلىرىنى يامان كۆرستىش ئۈچۈن ئەرلىرىدىن يوشۇرۇن ھالدا 20 ـ 25 سوملار پۇل بېرىپ دۇئاخانلارغا دۇئا يازدۇرىدۇ.

چۈللەردە كۆمۈلۈپ قالغان تىلسىملارنى ئېچىپ ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە باشقا قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئىزدىگۈچى كىشىلەرمۇ بار دەپ ئاڭلىدىم.

دۇئاخانلار دۇئا بىلەن پۇلنى ئۆزلىرىگە بويسۇنىدۇ، دەيدىكەن.

بۇ كۈندە «خ» شەھرىدە «م» ئىسىملىك بىر موللا بار. بۇ موللا رىيازەت ۋە ئىستىخارە بىلەن ئۈچ مەرتىۋە چىللە ئولتۇرۇپ، 140 كۈن دۇئا ئوقۇپ ئۈچ ـ تۆت تەڭگىگە دەم سالغانىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن تەڭگىلەر ئۇنىڭغا بويسۇنغان. بازاردىن بىر نەرسە ئېلىپ شۇ تەڭگىنى بەرسە، ئۇ تەڭگىلەر مال ئىگىسىنىڭ قولىدا تۇرماي دۇئاخاننىڭ قولىغا قايتىپ كەلگەن. بۇ زات شۇ تەڭگىلەر بىلەن بىر نەچچە يىللار راھەت ۋە تىنچلىقتە يېتىپ يېگەن، ئىچكەن ۋە كىيگەن. دۇئاخان بىر نەچچە كۈن بىر ئاشخانىغا كىرىپ مەززىلىك تائاملارنى يېگەن. ئاشپەز ھەر كۈنى كەچتە تەڭگىلىرىنى سانىسا بىر تەڭگە كەم چىقىدىكەن. ئاقىۋەتتە ئاشپەز دۇئاخاندىن شەكلىنىپ ئۇنىڭ ئېشىغا ئىت پوقى قوشۇپ بەرگەن. چۈنكى ئىت پوقى دۇئا ۋە سېھىرنى ياندۇرارمىش. مانا شۇنىڭدىن كېيىن تەڭگىلەر ئازاد بولغانمىش. بۇ موللىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە نامرات ۋە موھتاجلىقتا قېلىشىنىڭ سەۋەبى شۇنىڭدىنمىش. دۇئا بىلەن تۆمۈرنى كۈمۈش، مىسنى ئالتۇن قىلغۇچىلارمۇ بار دەپ ئاڭلىدىم. لېكىن شۇنداق دۇئاخانلار ئارىسىدا ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرگە ئىگە بولغان باي كىشىلەرنى ھېچ يەردە كۆرمىدىم. مۇنداق ئىشنىڭ كەينىدە يۈرگەنلەر ئومۇمەن نامرات ۋە موھتاجلىقتا قالىدۇ، شۇ.

مۇنداق خىيالىي ئىشلار كۆپرەك مەدرىسە تالىپلىرى ۋە ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى مەدرىسە ئەتراپىدا ئۆتكەن موللىلار ئارىسىدا كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئوقۇمىغان قارا خەلق، ئاشلىق تېرىش، ئوتۇن سېتىش ۋە باشقا تۈرلۈك ماددىي كەسىپلەر بىلەن قورساق تويدۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئەمما موللىلار سىنىپى بەك ھورۇن بولۇپ، ئۇنداق ئىشلاردىن قورقىدۇ. ئۇلار قانداق قىلىپ بولمىسۇن دۆم يېتىپ يېيىشنىڭ يولىنى تېپىشقا تىرىشىدۇ. كۈندۈزلىرى قاراڭغۇ ھۇجرىدا شېرىن خىياللار بىلەن كۈننى ئۆتكۈزىدۇ. كېچىلىرى شېرىن چۈش كۆرىدۇ. چۈشىدە كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ ئوڭدىمۇ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ ئىش ـ ئوقەت ۋە ھۈنەر ـ كەسىپتىن قول ئۈزىدۇ. سودىگەرلەر كېچە ـ كۈندۈز بىر تىيىننى بەش قىلىش كويىدا باش قاتۇرىدۇ ھەم شۇنىڭغا ئېرىشىپمۇ قالىدۇ.

### بىزنىڭ تىل

«شۇرا»نىڭ بۇ يىللىق 13 ـ سانىدا تىل مەسىلىسىگە دائىر بىر ماقالە بېسىلغان. ماقالە ئىگىسى رۇسچە «گوركى»، «كىسلى» سۆزلىرىگە تەڭداش تاتارچە سۆز تېپىلمىغانلىقى، توغرىسى تاپالمىغانلىقىنى بىلدۈرگەندى. بۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. چۈنكى بىزنىڭ تىلىمىز تېخى تولۇقى بىلەن ئىشلىتىلگىنى يوق. شۇ سەۋەبلىك ئۆز تىلىمىزنى بىلمىگەن كىشىلەرگە بۇنداق ئىشلار كۆپلەپ ئۇچرىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن تەڭ تىلىمىزدىكى بارچە سۆزلۈك ۋە ئىستىلاھلاردىن خەۋەردار بولغان بىر كىشى ئۇنچىۋالا قايمۇقۇپمۇ كەتمەيدۇ. تۈرلۈك يەرلەردە ئىستىلاھ ۋە ئىستېماللىرى ئۆزگىرىپ كەتكەن تىلىمىز بىر



مەزكۇر سۈرەت بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارتىلغان



مەزكۇر سۈرەت بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارتىلغان

يەرگە يىغىلىپ پايدىلىنىلسا گوركىي ۋە كىسلىلەردىن باشقىمۇ نۇرغۇن تۈرلۈك ـ تۈمەن ياۋا سۆزلەرگە جاۋاب بەرگۈدەك نازۇك ۋە مەنىلىك سۆزلەر ئۆز خەزىنىمىزدىن چىقىدۇ ۋە تېپىلىدۇ. چۈنكى تىلىمىز ئەسلىدە مۇنداق گاداي ۋە بىچارە تىل ئەمەس ئىدى. بىر زامانلاردا تىلىمىز ۋە ئەدەبىياتىمىز، يېزىقلىرىمىز ھېچكىمنىڭكىدىن قېلىشمىغۇدەك ئىدى. بۇگۈنكى كۈندە ئەسەرلىرى تېپىلىۋاتقان ئۇيغۇر يېزىقلىرى، بۇلغار مەڭگۈ تاشلىرى بۇنىڭغا شاھىدتۇر. پەقەت زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۇرمۇش ۋە تىرىكچىلىك يوللىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۇلارنىڭ تىلىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. بىز ئەگەر بۇ ھەقتە تارىخقا كۆز يۈگۈرتسەك تىلىمىزنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ ئامان قالغانلىقىغىمۇ كۆپ شۈكۈر ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، بىزنىڭ تىلىمىز تۈرلۈك بالا ـ قازالارغا ئۇچرىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ ئەركىلەپ ئەركىن ئۆسەلمىدى، ئىشلىتىلمىدى. ئۇنى ئىشلەتكىدەك ۋاقتىمۇ يوق ئىدى. مانا ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن ئىشلىتىشكە باشلايمىز، تەڭرى خالىسا.

بۇ كۈنلەردە ئالتە شەھەرلىكلەر ئارىسىدا بەك نازۇك ۋە بەك مەنىلىك ساپ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ يەردىكى گۈزەل سۆزلەر ئۇنۇتۇلمىسىمۇ قالار. بۇلار: قېمىز، قېتىق، لىمون، ئاپېلسىن، بالان ۋە مىلەش قاغى دېگەندەك نەرسىلەرنى «تۇرۇش» ھەم ئاچچىق ـ سۈچۈك دەيدۇ. ئەرەم، ھاراق ۋە چىي بالان دېگەندەكلەرنى ئاچچىق دەيدۇ.

يەنە «خاروشى»، «دوبرى»لارغا بىرلا سۆز بار، بىز «خاروشى»نىمۇ، «دوبرى»نىمۇ ياخشى دەپلا تۈگىتىمىز. ئالتە شەھەرلىكلەر بولسا «دوبرى»نىڭ ئورنىغا ياخشى. «خاروشى»نىڭ ئورنىغا ئوبداننى ئىشلىتىدۇ. ياخشى سۆزى ۋە ياخشىلىق سۈپىتى بۇلارنىڭ چۈشەنچىسىچە ئادەمگە (مۇسۇلمان كىشىگە)لا خاس بولۇپ، ئوبدان سۆزى ھەممە نەرسىگە تەڭ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئوبدان ئات، ئوبدان كىشى دېمەك دۇرۇس. ئەمما ياخشى ئات، ياخشى ...، ياخشى مال دېيىش بۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدە مەنتىقسىزلىكتۇر. قىسقىسى، بۇلار «ياخشى»نى «ئېزگۈ كىشى» دەپ چۈشىنىدۇ. ئوبدان سۆزى ئىنسان، ھايۋان ۋە باشقا ئەسلىي نەرسىلەرگە سۈپەت بولغىنىدەك بۇيرۇققا بويسۇنۇشنى بىلدۈرۈپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن، «بازارغا بېرىپ گۆش ئال» دېگەن بۇيرۇققا بىنائەن «ئوبدان» دەپمۇ جاۋاب بېرىدۇ.

يەنە «كېچە» سۆزىمۇ تۈرلۈك ئورۇندا تۈرلۈك مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. تاتارچە بۇ سۆز ئۆتكەن كۈن دەپ چۈشىنىلسە، چاغاتايلىقلار بۇ سۆزنى «تۈن» دەپلا چۈشىنىدۇ. ئۆتكەن كۈننى «تۈنە» ۋە «تۈنەگۈن» دەيدۇ. دېمەك، سۆزلۈكلەر ئوخشاش، پەقەت ئىشلىتىلىش ئورنىلا ئوخشىمايدۇ.

تاتارچىدا ئىشلىتىلىۋاتقان چەت سۆزلەرگىمۇ ئالتە شەھەردىن ساپ سۆزلەر تېپىلىدۇ. بىراق، بۇ ھەقتە يېزىشنى كېيىنگە قالدۇرىمەن.

مەن بىر چاغلاردا ئالتە شەھەرگە يېڭى كەلگەن ۋاقتىمدا يازغان بىر ماقالەمدە ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ «كۆپ» سۆزنى بەش ـ ئالتە تۈرلۈك ئېيتىدىغانلىقىنى (كۆپ، جىق، تولا، نۇرغۇن، ئاۋۇن، كەڭرۇ دېگەندەك) يازغانىدىم. كېيىن مەلۇم بولدىكى، بۇ سۆزلەر ئومۇمەن «كۆپ» مەنىسىدە بولسىمۇ، ھەممىسىنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى ئوخشىمايدىكەن. ھەر بىر سۆز، ھەر بىر ئورۇندا ھەر خىل نەرسىلەرگە نىسبەتەن كۆپلۈك ئورنىدا ئىشلىتىلىدىكەن. بۇ سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىنى ئېنىق بېكىتىشكە بىر مۇنچە ۋاقىت ۋە تەجرىبە توپلىشىم كېرەك بولغاچقا ھازىرچە بۇ ھەقتە ئارتۇق سۆزلىيەلمەيمەن. بۇلارنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىنلا سوراپ بىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. تىلدىكى نازۇكلۇقلارنى ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن بۇ يەردە ۋاقىت ۋە تەجرىبىدىن باشقا ياردەم يوق.

كەڭرۇ: يەر، سۇ دېگەندەكلەرگە قارىتىلىدۇ. ئاۋۇن: ئۇششاق، قاداقلاپ، مىسقاللاپ ھېسابلايدىغان نەرسىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. نۇرغۇن: چەكسىز ۋە ھېسابسىز، كۆپ مەنە-سىدىرەك ئىشلىتىلىدۇ.

ئومۇمەن، ئۇيغۇر تىلى سۆزگە گاداي تىل ئەمەس. پەقەت ئىشلىتىلمىگەنلىكى ئۈچۈنلا قەدىرسىز بولۇپ قال-غاچقا ئۇنىڭ ئەۋزەللىكلىرى تونۇلمايۋاتىدۇ. ئومۇمەن، سۆزلۈكلەردىكى ئايرىم خاسلىقلارغا قارىغاندا ئىشلىتىلىش ئۆزگىچىلىكىنىڭ كۆپرەك ئىكەنلىكى چۈشىنىلىدۇ.

تىلىمىزنى بېيىتىش يولىدا ھەرىكەت قىلغۇچى زاتلار سۆزلەرنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈشكە تىرىشسا بولاتتى. ئىشلىتىشتە سۆزلۈكنىڭ مەنىسىدىن چەتنەپ كەتمىگەي، ئىشلەتكەندە جايىدا ۋە مەنىلىك بولۇشىنى ئېتىبارغا ئال-غاي، مەتبۇئاتىمىزنى ساپ سۆزلەر، يېتۈك مەنىلەر بىلەن نۇرلاندۇرغاي. ئىشلەتكەندە سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىسى ئېتىبارغا ئېلىنمىسا تىلىمىزنىڭ ئەسلاھى ئاساسسىز بولۇپ قالىدۇ. سۆزنىڭ ئىشلىتىلىشى ئەسلىي مەنىسىگە يېقىن بولۇش بىلەن بىللە يەنە مىللىي بولۇشىمۇ شەرتتۇر. ئۇن-داق بولمايدىكەن، تىلىمىز ئۆزىنىڭ تەبىئىيلىكى ۋە تەبە-ئىي نازاكىتىنى يوقىتىدۇ. تىلىمىزنى سۆزلۈك ۋە جۈملە جەھەتتىن تۈزەتكىنىمىزگە ئوخشاش بالاغەت ۋە مەنتىقە جەھەتتىنمۇ تەكشۈرۈشنى باشلاش ۋاقتى كەلدى. ئەسىرد-مىز مەدەنىيەت ئەسىرىدۇر. تىلسىز ئىلىم ئۆگىنىش ۋە تەربىيىلىنىش مۇمكىن ئەمەس. بىز بۇنىڭدىن كېيىن ياۋ-روپا تىللىرىدا يېزىلغان پەننىي ۋە ئىقتىسادىي ئەسەرلەر-نىمۇ ئۆز تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىشنى باشلايمىز. مانا شۇ چاغدا تولۇق ۋە مۇكەممەل تىلغا ئېھتىياجىمىز چۈشىدۇ. ھاياتلىق ئۈچۈن جان ئوزۇقى بولغان پەن ـ تېخنىكىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ياۋروپادىلا ئىكەنلىكى ھەركىمگە ئايدىڭ ئىش. بەس، ئۇ ئىلىملەرنى ئۆز ئارىمىزدا تارقىتىشتا تەر-جىمىنىڭ نۇرغۇن پايدىسى تېگىدۇ. ئىشقىلىپ ئۇنىداق تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ ئارىمىزدا كۆپلەپ تارقىلىشى لازىم. قىسقىسى، پەن ـ تېخنىكىنى دۇنياغا تارقاتقۇچى ۋاستە تىل، قەلەم، كىتاب ۋە مۇئەللىمدۇر.

بۇ كۈنلەردە مەتبۇئاتىمىزدا چەت سۆزلەر ھەددەپ ئې-شىشقا باشلىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، بىزنىڭ بۈگۈنكى ياۋ-روپا مەدەنىيىتىدىن چەتتە قالغانلىقىمىزدىندۇر. ئەگەر ئۇلاردىكى پەننىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلەر دەسلەپتىلا ئۆز تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىنىپ مەكتەپ ۋە مەدرىسلىرىمىزگە كىرگەن بولسا مەتبۇئاتتىكى يېڭى سۆز ۋە ئاتالغۇلار بىزگە يات تۇيۇلمىغان بولاتتى. لېكىن بۈگۈنگە قەدەر بىز ئۆزىمىزگە خاس پەننىي مەكتەپ ۋە مەدرىسلەرنى قۇرال-مىدۇق. بىرگىنە بولسىمۇ پەننىي مەكتەپ ۋە مەدرىسە كۆرمەي ئۆتتۇق. بەلكىم بۇنىڭدىن كېيىن بولسا بولۇر. بىز كۆرەلمىسەك ياشلار كۆرەر. چۈنكى بىز ئۇنىداق مەدرىسلەرنىڭ لازىملىقىنى ئەمدىگىنە چۈشىنىۋاتىمىز. مەزكۇر ئىلىملەرنىڭ ئۆز تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىنىپ ئو-قۇتۇلۇشىنىڭ ئىككىنچى بىر خىل ئەھمىيىتىمۇ بار. بۇ ئۇسۇلدا ئۆگەنگەن ئىلىم مىللىيلىككە ئايلىنىپ مەڭگۈگە ئۆزىمىزنىڭ بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا ئۇ ئىلىملەر بىزنىڭ قولىمىزدا يەتكىلى بولمايدىغان نەرسە-دەك تەلپۈنۈپلا قالىمىز ھەم بۇ پەنلەر، ئىلىم ۋە سەنئەت-لەر ئارىمىزدا تەلەپكە لايىق تارقىلالمايدۇ.

ئىران خوراپاتلىرى ئۆز تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىنغان كىتابلار ئارىچىلىقى بىلەن تارقىلىپ دىنىنىڭ ئورنىنى ئە-گىلىگەنلىكى مەلۇم. ئارىمىزدا تارقالغان خوراپات كىتاب-لىرى بىزگە ئۆز تەسىرىنى قانداق كۆرسەتكەن بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن تەرجىمە قىلىنىدىغان پەننىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرمۇ بىزگە شۇنداق تەسىر كۆرسىتىدۇ. دېمەك. 20 ـ ئەسىر مەدەنىيىتىدىن بەھىر ئېلىشنى ئويلىساق، تى-لىمىزنى شۇ ئەسىرگە لايىق قىلىپ تۈزىتىشىمىز، ئىسلاھ قىلىشىمىز كېرەك.

ياشلىرىمىز ئىلىم ـ ھۈنەر قەيەردە بولسا شۇ يەرگە بېرىپ ئۆگىنىشى كېرەك. مىللىتىمىزنى ياشناتقۇسى كەل-گەن ساخاۋەتچى بايلىرىمىز ئۇلارغا ياردەم قىلسۇن،



مەزكۇر سۈرەت بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارتىلغان



مەزكۇر سۈرەت بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارتىلغان

شۇنداق قىلغاندا تىلىمىز ئەدەبىياتىمىز، مائارىپ ۋە مەدەنىيىتىمىز بىلەن تەڭ ئۆسىدۇ. تىل بىلەن مەدەنىيەت ئارىسىدىكى ئالاقە ۋە مۇناسىۋەت ئاش بىلەن تۇزنىڭ مۇناسىۋىتىدەك قويۇقتۇر. ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ـ سەنئەت دۇنياسىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن باللىرىمىزنىڭ تىللىرى ئۆزلۈكىدىن ئىسلاھ قىلىنغان تىل بولۇپ مەيدانغا چىقىدۇ. ئەنە شۇ يولغا كىرگەندىلا بىزنىڭ تىلىمىز 20 ـ ئەسىرگە لايىق بولۇپ تۇغۇلغۇسىدۇر.

(خوتەن)

## مۇنداق بولسا تىلىمىز قاچان تۈزۈلىدۇ؟

ئالتەشەھەردە كورلا، كۇچا تەرەپلەردە سۆزلەرنىڭ كۆپلۈكىنى، ئۆز تىللىرىنى سۆيگەنلىكلىرىنى كۆرۈپ بەك سۆيۈنگەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە تىلىمىزنىڭ تۈزۈلۈشىگە چىمپۇتكەنىدىم. لېكىن قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن بۇ ھەقتىكى ئىمانىم بىراز يۇمشاپ قالدى. چۈنكى ئۇلار ئۇيغۇرچە سۆزلەر بار تۇرۇقلۇق ئەرەبچە، پارسچە، سۆزلەرنى ئىشلىتىدىكەن.

يېڭىچە ئۇسۇلدا ئوقۇتۇۋاتقان بىر مەكتەپنى كۆرۈشكە بارغانىدىم. مەن كىرىشىم بىلەن باللارغا قاراپ «قومو- ئا» دېدى. باللارنى ئوقۇتۇپ كۆرسەتتى. يېرىمى ئە- رەبچە، يېرىمى پارسچە، ئازراقى ئۇيغۇرچە يېزىلغان سۆزلەرنى ئۆگىنىپتۇ. ئوقۇغان سۆزلەرنى باللارنىڭ ئۆزلىرىمۇ چۈشەنمەيدۇ. نېمىشقا دېسەڭ، ئەرەبچە، پارسچە، ئىسىت يېڭىچە مەكتەپكە. كونا مەدرىسە بولغان بولسىغۇ سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ ئورنى يوق ئىدى. «ئولتۇرۇڭ» دېيىشنىڭ ئورنىغا «اجلسۋا» دېيىشكە قاتتىق خورلاندىم، ئاچچىقىم كەلدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئو- قۇتقۇچىلارنى سوتلىدىم، سىلكىشلىدىم.

بۇ يەردىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدۇ. تىل- لىرىنىمۇ سۆيمەيدۇ. مەككە، مەدىنىگە بېرىپ كەلگەنلەرنى «تەئال، تەفزىل» دېيىشىدۇ. ئىستانبولدا تۇرۇپ كەل- گەنلىرى «تەشەككۇر ئىدەرەم، مەمنۇن ئولدۇم، ئەستەغ- فۇرۇللا پەكى ئەنەمدىم» دېگەندەك سۆزلەرنى قوشۇپ ئىلەشتۇرۇپ سۆزلىشىدىكەن. مىللىي ئەدەبىيات، مىللىي مەتبۇئات ۋە ئانا تىلى مەسىلىرى بىلەن ھېچقانداق ئا- لاقىسى يوق. مانا مۇشۇنداق ئۆزگىرىشلەرنى كۆرگەچ ئانا تىلنى تۈزىتىش قىيىنلىشىپ ئۈزاقتا سوزۇلىدۇ.

ھېلىھەم بىزنىڭ تىلىمىز بۇزۇلۇپ كېرەكتىن چىققان. تىلىمىز مىللەت روھىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان. بىز بىر ـ بىرىمىز بىلەن ئۇچراشقاندىمۇ سۆزنى ئەرەبچە بىلەن باشلايمىز. نېمە دەۋاتقىنىمىزنى ئۆزىمىزمۇ بىلمەيمىز! ... بىزگە ياخشىلىق قىلغان كىشىگە «رەھمەت» دەيمىز. قەشقەرلىكلەر «ھەشقاللا» دەيدۇ. بۇنى سۇ بەرگەن ئا- دەمگىلا ئېيتىسىچۇ كاشكى! بۇنىڭغا سۆز تېپىش مۇمكىن ئەمەس دەپ ئېيتىشقا يول يوق. نېمىشقا دېسەڭ، بۇ سۆزنىڭ ئورنىغا قازاقلار «كۆپ ياشا» دەيدۇ. دېمەك، سۆز بار، پەقەت ئۆزىمىز ئۇنى ئويلاپ كۆرمەيمىز.

چۈنكى بىز ھەممىلا جەھەتتە ئارقىدا قالدۇق. بىزدە ئىلىم ـ پەن پۈتۈنلەي يوق. بۇلارنى چەت تىللاردىن تەرجىمە قىلىشقا مەجبۇر بولىمىز. تەرجىمە ئۈچۈن تىل كېرەك، ئاتالغۇ كېرەك.

تىلىمىزنى تۈزىتىشكە كۆپ ۋاقىت كېرەك، تۈزەتكەندە ئاتالغۇلار يېتىشمىسە چەت تىللاردىن بولسىمۇ ئېلىپ ئۆ- زىمىزنىڭ قىلىش كېرەك. مەسىلەن: ئىنگلىزلار، فرانسۇزلار، رۇسلار، نېمىسلارمۇ پارسچە، ئەرەبچە، تۈركچە سۆزلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ مۇكەممەل بىر تىل ياراتقان. مەسىلەن: ئىنگلىزلار «بۇرادەر» سۆزىنى ئۆزلەشتۈرۈپ «برودېر» دېگەن. رۇسلار «سېۋەت»نى «سۇبوتا» دېگەن ...

ئەگەر بۇنىڭغا ھازىردىن باشلاپ ھەرىكەت قىلىنمىسا 30 ـ 40 يىلدىن كېيىن قەشقەر ۋە باشقا ئالتەشەھەرلىك- لەرمۇ بۇخارا ۋە سەمەرقەندلىكلەردەك ئۆز تىللىرىنى ئۇنتۇشقا باشلىشى تەبىئىيدۇر.

«شۇرا» ژۇرنىلىدىن نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئورخۇن

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئەلىشىر نەۋايى ھېكمەتلىرى



2005.4

△ ياخشى خۇلقلىق كىشىلەر ھامان بىر كۈنى بەخت خەزىنىسىگە يېتىشىدۇ.

△ خەلق سېنى ھىمايە قىلمىسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن سەن خەلقتىن خاپا بولما، ئۆزۈڭدىن خاپا بول.

△ مەملىكەتكە ئادالەت ئورناتماقچى بولغان كىشى خەلقنىڭ دۈشمەنگە قارشى مۇداپىئە قورالىنى كۈچەيتسۇن.

△ قولۇڭدىن كەلسە قىلىدىغان ئىشىڭنى بىر مىنۇت كېچىكتۈرمە.

△ ھەرقانداق ئىشقا شەخسىي مەنپەئىتىنى ياقلايدىغان كىشى دۈشمەنلىك ئوچىقى بولىدۇ.

△ كىشىنىڭ ھىممىتى بولمىغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ھۆرمىتىمۇ بولمايدۇ.

△ دوستلارنىڭ قەدرىنى بىلىش كېرەك، ئەگەردە مەرتىۋەڭ ئاسمانچە بولسا، دوستلىرىڭ بولمىسا، بۇنداق دەرىجىنىڭ نېمە پايدىسى بار؟

△ كىشىلەرگە بىر نەرسە بېرىش ياخشى ئىش، ئەگەر بېرىدىغان كىشى بەرگىنىگە مىننەت قىلمىسا، تېخىمۇ ياخشى.

△ سۆزگە ئۇستا كىشى سۆزنى ئۇزاق قىلمايدۇ. سۆزنى مۇمكىن بولغىنىچە قىسقا قىلىش كېرەك.

△ بىر كاپام ئاش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇل قىلىدىغان كىشىنىڭ يۈزىگە قازاننىڭ قارىسىنى سۈرۈش كېرەك.

△ ئىنساننىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەت قىلىشتۇر.

△ يامان خۇلقلىق كىشىلەر يۇقىرى مەرتىۋىلىك بولالمايدۇ.

△ ئەگرى بولۇپ ئۆسكەن دەرەخنى كېسىپ تاشلاش ئارقىلىق ئاندىن توغرىلاش مۇمكىن.

△ بۇ دۇنيادا مەڭگۈ ياشاش مۇمكىن ئەمەس، ئەمما ياخشى نام قالدۇرۇش ئۇلۇغ سائادەتتۇر.

△ ئەقىللىق كىشى ئويلىماستىن ئىش قىلمايدۇ.

△ دۇنيادا جاپا تارتىپ يېتەلمىگەن نەتىجىلەرگە ۋاقتىدا ئىشلىتىلگەن بىر ياخشى سۆز بىلەن يېتىش مۇمكىن.

△ ئاپەت كۆرمەي دېسەڭ، ھەر ۋاقىت ھوشيار بول.

△ كىشى ئۈچۈن تاج ۋە باشقىلار زىننەت بولمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا زىننەت—ئۆزىدە بولغان ئەدەپ ۋە ھايادۇر.

△ ئۆز ئەمگىكى بىلەن تېپىلغان ئىككى تەڭگە شاھ

بەرگەن پۈتۈن بىر خەزىنىدىن ياخشى.

△ئىشىق يالقۇن يۇلتۇزدۇر، ئادەم بالىسىنىڭ كۆز نۇرى ۋە روشەنلىكى مانا شۇنىڭدىندۇر.

△ھەر بىر قىيىنچىلىقتىن كېيىن بىر راھەت بار. قىيىنچىلىقسىز راھەت بولمايدۇ.

△ھەر كىم بىلەن دوست بولماقچى بولساڭ، ئالدىن ئۇ كىشىنى ياخشى سىنا ۋە تەكشۈر.

△دوستلار ئارىسىدا ئەڭ ياخشى ياردەمچى قىيىنچىلىق كۈنلەردە قولىنى ئۇزاتقان ۋە مەدەت بەرگەنلەردۇر.

△ھەر بىر قەدىمىڭنى بىلىپ باسساڭ، ئەلەممۇ كۆرمەيسەن، ھېچقاچان ئۆكۈنمەيسەن.

△ئەگەردە سەن ئادەم بولىدىغان بولساڭ، خەلق ئۇچۇن غەم يېمەيدىغان كىشىلەرنى ئادەم دەپ ھېسابلىما.

△ئاغزىڭغا كەلگەن سۆزلەرنى قىلىۋەرمە، چۈنكى بۇنداق ھەرىكەتتىن خىجالەتچىلىك ۋە بىرمۇنچە كەمچىلىكلەر مەيدانغا كېلىپ چىقىدۇ.

△ساڭا دۈشمەن بولغان كىشى ھەر قاچان شېرىن سۆزلۈك بولسىمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئالدانما.

توپلىغۇچى: جەملە تۇرسۇن

(مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات ئىنستىتۇتى 2002 ـ يىللىق ئاسپىرانت)

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

MIRAS

# كىچىك ئىشتا سەل قارىماڭ

بىر كۈنى، يولۋاس بىر كۆكۈيۈننى ئۇچرىتىپ قاپتۇ ھەمدە غەزەپلەنگەن ھالدا: «مېنىڭ غىزالىنىشىمغا دەخلى قىلما، بولمىسا سېنىمۇ قوشۇپ يەۋېتىمەن!» دەپ ۋارقىراپتۇ.

«نوچى بولساڭ قېنى يەۋەتمەمسەن!» دەپتۇ كۆكۈيۈن يولۋاسنىڭ چىشىغا تېگىپ، ئاندىن ئۇنىڭ بۇرنىغا قونۇۋېلىپ، قېنىنى شورىغىلى تۇرۇپتۇ. يولۋاس شۇنداق سىلكىنگەنىكەن، كۆكۈيۈن ئۇچۇپ بېرىپ ئۇنىڭ دۈمبىسىگە قونۇۋاپتۇ ھەمدە تۇمشۇقىنى تېرىسىگە پاتۇرۇپ يەنە قېنىنى شوراشقا باشلاپتۇ. ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىگەن يولۋاس كۈچلۈك قۇيرۇقى بىلەن ئۇنى ئۇرۇپ قوغلىۋەتمەكچى بوپتۇ. بىراق، كۆكۈيۈن ئۇنىڭ تېرىسىگە چوڭقۇر پېتىشقا باشلاپتۇ. يولۋاس ئۇنى يانجىپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، يەردە ئۇياقتىن ـ بۇياققا دومىلاپتۇ. شۇ ئەسنادا، كۆكۈيۈننىڭ بىر توپ ھەمراھلىرى نەلەردىندۇر ئۇچۇپ كېلىپ، يولۋاسقا تۇشمۇتۇشتىن ھۇجۇم قىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا، يولۋاس ھالىدىن كېتىپ يىقىلىپ قاپتۇ.

كىچىك ئىشلارغا ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ، يولۋاسقا سېلىشتۇرغاندا كۆكۈيۈن ھېچقانچە نەرسە ھېسابلانمىسىمۇ، ئەمما ئۇ يولۋاسنى يىقىتالىغان. ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ تۇرمۇشتىكى ئەڭ چوڭ دۈشمىنىمىز دەل كۆزگە ئانچە چېلىقىپ كەتمەيدىغان ئۇششاق كەمچىلىكلىرىمىزدۇر.

نۇرغۇن ۋاقىتلاردا بىز شۇنىڭ ئۈچۈن مەغلۇپ بولىمىزكى، كاللىمىزغا ئورناپ كەتكەن «كىچىك ئىشلارغا سەل قاراپ، چوڭ ئىشلارغا ئېتىبار بېرىش» ئىدىيىسى بىز ئەسلىدىنلا سەگەك بولۇشقا ۋە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئۇششاق ـ تۈششەك كەمچىلىكلىرىمىزنى ئارامخۇدا چوڭىيىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىپ قويىدۇ.

جەنۇبىي ئامېرىكا دېڭىزىدا ناھايىتى كىچىك بىر خىل تىمساھ ياشايدۇ، ئۇنىڭ تېرىسى ناھايىتى بوش بولۇپ، پۈتۈنلەي ئۆتكۈر تىكەنلەر بىلەن قاپلانغان. ئۇ ئۆزىدىن يوغان ھايۋانلارغا تاقابىل تۇرۇشقا ئىنتايىن ماھىر. لەھەڭ ئۇنى يۇتۇۋېتىپ قالسا، ئۇ شارغا ئوخشاش تۈگۈلۈۋېلىپ، بەدىنىدىكى تىكەنلەرنى كۆرگەنلا يەرگە سانجىيدۇ ھەمدە لەھەڭنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى يېيىشكە باشلايدۇ. لەھەڭ ئاغرىققا چىدىماي ھەر خىل ئاماللارنى قىلىپ باقسىمۇ، پايدىسى بولمايدۇ، تىمساھ ئۇنى ئىچىدىن يەپ تۈگىتىدۇ.

بۇ ئەمەلىيەتتە بىزگە شۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، بىزنىڭ ئۇششاق ـ تۈششەك كەمچىلىكلىرىمىز دەل ئاشۇ كىچىك تىمساھقا ئوخشايدۇ، ئۇ ئۆزىگە خاس ئۇسۇل بىلەن بىزنىڭ قەلبىمىزدىكى ئۇلۇغۋار نىشانلارنى يەپ تۈگىتىۋېتىدۇ.

سەن تېخى ياش، شۇڭا سەندە ئۇششاق كەمچىلىكلەرنى ئاز دېگىلى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەجەللىك كەمچىلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەن چوڭ جەھەتتىن سەندىن ئەنسىرىمەيمەن، پەقەت سېنى ئۇششاق كەمچىلىكلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتمىسىكەن دەپلا ئويلايمەن.

شۇڭا، ئېسىڭدە بولسۇنكى، «كىچىك ئىشلارغا سەل قاراپ، چوڭ ئىشلارغىلا ئېتىبار بېرىش» ئىدىيىسى كاللاڭدا ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلەپ كەتمىسۇن.

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

# «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىنىڭ مەنبەسى

ئوسمان ئىسمائىل تارىم

«چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ەلڭ تارقالغان چۆچەكلەرنىڭ بىرى. بۇ چۆچەكنى ئەڭ ەسلەپ رۇس ئالىملىرى خاتىرىلىگەن. ۋ. پ . يۇدىن ۋە ب. راشىدىن قاتارلىق ئالىملارنىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇ چۆ- ەكنى ۋ.ۋ.رادلوف 1862 ـ يىلى، ن. ن. پانتوسوف 187 ـ يىللىرى، س. ئې. مالوۋ 1914 ـ يىلى ئۇيغۇرلار رىسىدىن يېزىۋالغان. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا ەلگەندە بۇ چۆچەك ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇيغۇر خەلق ۆچەكلىرى توپلاملىرىغا ۋە دەرسلىك كىتابلارغا كىرگۈ- ۈلدى، شۇنداقلا رۇس، ئىنگلىز، خەنزۇ ۋە باشقا قېرىن- اش مىللەتلەر تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى. ۋ.پ. يۇدىن ① ، ب. راشىدىن ② ، رەيھان قادىر ③ قاتارلىق ئالىملار «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى ھەققىدە مەخسۇس ئىلمىي اقالىلەرنى ئېلان قىلدى. ماھنۇر ئەلىيېۋا ④ ، مەمەت- جان سادىق ⑤ ، ئابدۇكېرىم راخمان ⑥ ، ئوسمان ئىسمائىل ⑦ قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئە- دەبىياتىغا ئائىت ئىلمىي ئەسەرلىرىدە بۇ چۆچەكنى ئەت- اپلىق شەرھلەپ ئۆتتى. «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى ەققىدىكى يۇقىرىقى ئەمگەكلەر مەزكۇر چۆچەكنىڭ ۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يۇكسەك ئورنىنى نامايان قىلىپ ەردى.

«چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىنىڭ ھازىرقى بېكىتىل- ەن نۇسخىسى ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، رىنچى قىسمى چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ قان شورىغۇچى لماۋۇز بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنى يوقاتقانلىقى ھەققىدىكى ەقەلىك؛ ئىككىنچى قىسمى چىن تۆمۈر بىلەن سىڭلىسى ەختۇمسۇلانىڭ موڭغۇل ـ قالماق خانىغا قارشى كۈرەش- ىرى ھەققىدىكى ۋەقەلىكتىن ئىبارەت. بىز چۆچەكنىڭ بۇ ىككى قىسىم ۋەقەلىكى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ەھلىل قىلىش ۋە «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىنىڭ



ھەرخىل ۋارىيانتلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئارقىلىق شۇنداق خۇلاسىگە كەلدۇقكى، چىن تۆمۈر با- تۇرنىڭ يالماۋۇز بىلەن ئېلىشقانلىقى توغرىسىدىكى ۋە- قەلىك بۇ چۆچەكنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلىدۇر. موڭ- غۇل ـ قالماق خانىغا قارشى كۈرەش تەسۋىرلەنگەن ۋە- قەلىك بولسا، كېيىن قوشۇلغان. ئېنىقراق ئېيتقاندا، مەزكۇر چۆچەكنىڭ ئىككىنچى قىسمىدىكى ۋەقەلىك پەقەت ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە پەيدا بولغان. ھەتتا بىز بۇ چۆچەك- نىڭ كېيىنكى ۋەقەلىكى شائىر موللا بىلالنىڭ قەلىمىگە

مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. بىزنىڭ بۇنداق يەكۈنگە كېلىشىمىزدىكى ئاساسىي سەۋەبلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. مەزكۇر چۆچەكنىڭ ئالدىنقى قىسمى بىلەن كېيىنكى قىسمى ئوتتۇرىسىدا زىچ باغلىنىش يوق. چۆچەكنىڭ دەسلەپكى قىسمىدىكى بايانلاردىن شۇنى كۆرىمىزكى، چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن مەختۇمسۇلانى ئېيىق بېقىپ چوڭ قىلىدۇ. ئۇلار ئۇۋچىلىق ئارقىلىق ھايۋان گۆشىنى ئاساسلىق ئوزۇق قىلىپ ھايات كەچۈرىدۇ. ئۇلار ھەتتا ئوتنى تولۇق ئىگىلەپ بولالمىغان، ئەكسىچە ئوتقا نىسبەتەن بىر خىل سىرلىق كۆز قاراشتا بولۇپ، ئۇنى يالماۋۇزدىن ئىبارەت بىر ئىلاھىي مەخلۇق باشقۇرۇپ تۇرىدۇ، دەپ قارىغان. مەختۇمسۇلا يالماۋۇزدىن ئوت ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن جاپا چېكىدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ قېنىنى بەدەل قىلىدۇ. شۇڭا چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ يالماۋۇزغا قارشى كۈرىشى، مەلۇم نۇقتىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭدىن ئوتنى تارتىۋېلىش كۈرىشىدىن ئىبارەت. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ ۋەقەلەر ئىپتىدائىي جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى، تۇتېمىزىم ۋە ئانىمىزملىق كۆز قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەمدى چۆچەكنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا بولسا، ئوردا ھاياتى، شاھزادە ئۇزمۇخىنىڭ تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشلىرى ۋە ئۇنىڭغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك كۈرەشلەر بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا روشەن ھالدا فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ رېئاللىقى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ بېرىلگەن. بۇ ھال مەزكۇر چۆچەكنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە زور ئۆزگىرىشلەرگە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

2. قان شورىغۇچى يالماۋۇز بىلەن كۈرەش قىلىش توغرىسىدىكى ۋەقەلىك ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدىكى قەدىمكى ئەنئەنىۋى ۋەقەلىكتۇر. بىز بۇ ۋەقەلىكنى «رەھىمدىل ئۇكا بىلەن رەھىمسىز ئاكىلار» ⑧ ،«كەنجى باتۇر» ⑨ ، «سېھىرلىك يىگىت ۋە يەتتە باشلىق يالماۋۇز» ⑩ قاتارلىق چۆچەكلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇچرىتالايمىز. بۇ چۆچەكلەرنىڭ باش قەھرىمانى ئىككى دوستى بىلەن ئورمانلىقتا ئۇۋچىلىق قىلىپ ياشايدۇ. شۇ چاغدا تاماق ئېتىپ بېرىۋاتقان قىز يالماۋۇزنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايدۇ، يەنى قەھرىمانلار ئوۋغا چىقىپ كەتكەندە، يالماۋۇز كېلىپ بۇ قىزنىڭ تاپىنىغا بىگىز سانجىپ، قېنىنى شورايدۇ. چۆچەكنىڭ باش قەھرىمانى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، يالماۋۇز بىلەن ئېلىشىپ ئۇنىڭ ئالتە بېشىنى چېپىپ تاشلىغاندا، يەتتىنچى بېشى دومىلاپ قېچىپ يەر ئاستىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. قەھرىمان ئۇنى قوغلاپ يەر ئاستىغا چۈشۈپ، ئۇنىمۇ ھالاك قىلىدۇ. دېمەك، بۇ ۋەقەلىك ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدىغان ئەنئەنىۋى ۋەقەلىك بولۇپ، ئۇ يەنە «ئېيىق چىمچىلاق» ⑪ ۋە «خېمىر باتۇر» ⑫ چۆچەكلىرىنىڭ بەزى ۋارىيانتلىرىغىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن.

3. قان شورىغۇچى يالماۋۇز بىلەن كۈرەش قىلىش توغرىسىدىكى ۋەقەلىك تۈركىي تىللىق مىللەتلەر فولكلورىغا ئورتاق بولغان ۋەقەلىكتۇر. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى رەيھان قادىر «‹چىن تۆمۈر باتۇر› تۈركۈمىدىكى چۆچەكلەرنىڭ سېلىشتۇرۇلمىسى» ⑬ ناملىق ماقالىسىدە «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى بىلەن ئوخشاش مەزمۇندىكى چۆچەكلەر ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەر ئىچىدە كەڭ تارقالغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئۇ سالا مىللىتىنىڭ «ئاتىنىڭ ئوغلى»، يۇغۇرلارنىڭ «ئۈچ باشلىق يالماۋۇز ۋە پالۋان يىگىت»، ئۆزبېكلەرنىڭ «بەدەل باتۇر»، موڭغۇللارنىڭ «قارلىغاچ شاھزادە» ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئورتاق بىر ۋەقەنىڭ بايان قىلىنغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ ئورتاق ۋەقەلىك مۇنداق: ئوۋچىلىق قىلىپ ھايات كەچۈرۈۋاتقان قەھرىماننىڭ سىڭلىسى ياكى ئايالى ئېھتىياتسىزلىقتىن ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوت ئىزدەپ چىقىپ، ئىنس ـ جىن يوق بىر جايدىكى ئەسكى ئۆيدە تەنھا تۇرۇۋاتقان يالماۋۇزنىڭ يېنىغا بېرىپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئوت ئېلىپ يېنىپ كېلىدۇ. ئۇ قايتاشىدا يالماۋۇزنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە كۈل، مېۋە ئۇرۇقلىرى، بۇغداي قاتارلىقلارنى يولغا چېچىپ ماڭىدۇ. يالماۋۇز مانا شۇ نەرسىلەرنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ كېلىپ، قىزنى تېپىۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭ قېنىنى شوراپ ئازابلايدۇ. ئاخىر قەھرىمان بۇ يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈپ قىزنى قۇتقۇزىدۇ.

ئامېرىكىلىق ئالىم ئىسابېللا خورۋاد «ۋېنگر ۋە تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ چۆچىكى ‹ئاق ئات ئوغلى›نىڭ سۇژېت قۇرۇلمىسىنى سېلىشتۇرۇش» ناملىق ماقالىسىدە ۋېنگر چۆچىكى «ئاق ئات ئوغلى» بىلەن تۈركلەرنىڭ «بىتەلەي يىگىت»، ئۇيغۇرلارنىڭ «باتۇر ئەلى قۇربان» ‹«ئېيىق ئوغلى ئەلى قۇربان»›، يۇغۇر-

www.uyghurkitap.com

لارنىڭ «ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا»، قازاقلارنىڭ «پالۋان ئىرتوستىك»، قىرغىزلارنىڭ «يەتتە خان ھېكايىسى» قاتارلىقلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەيران قالارلىق ئوخشاشلىقلارنى بايقىغان. بولۇپمۇ، بۇ چۆچەكنىڭ ۋېنگىر، تۈرك، ئۇيغۇر ۋە يۇغۇر ۋارىيانتلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ، قازاق ۋە قىرغىز ۋارىيانتى ئۇلاردىن روشەن پەرقلەنگەن. ئالدىنقى تۆت مىللەتنىڭ چۆچەكلىرىنىڭ ھەممىسىدە يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈپ، قىزنى قۇتقۇزۇش ئېپىزوتى بار. ئاپتور مۇنداق دەيدۇ: «مەن تۈرك ۋە ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىچىدىن ۋېنگىر چۆچىكى ‹ئاق ئات ئوغلى›نىڭ موتىفىنى تېپىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ پۈتۈن قۇرۇلمىسىنى تاپتىم.» «ۋېنگىرلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ئەنئەنىسى بىلەن تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ئەنئەنىسى ئوتتۇرىسىدا روشەن ئوخشاشلىقلار بار.» «ئىرقىي جەھەتتىن قارىغاندا ۋېنگىرلىكلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىرقلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە. ئۇلارنىڭ سەنئىتىمۇ تۈركلەر، جورجانلار ۋە ھونلارنىڭ سەنئىتى بىلەن كۆرۈنەرلىك بىردەكلىككە ئىگە» ⑭ .

دېمەك، قان شورىغۇچى يالماۋۇز بىلەن كۈرەش قىلىش توغرىسىدىكى چۆچەك تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ھەتتا ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ زور كۆپچىلىكىدە بار.

4. ئەسئەت سۇلايمان «يالماۋۇز» دېگەن سۆزنى قەدىمكى ئورتاق ئالتاي تىلىغا تەۋە سۆز دەپ قارايدۇ. ئۇ بارلىق ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرىدىكى يالماۋۇز ئوبرازىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، يالماۋۇز ئاتالغۇسىنى مۇنداق ئۈچ خىل شەكىلدە ئۇچرايدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ:

1) تۈركىي تىللىق مىللەتلەردە «يالماۋۇز» (ئۇيغۇر)، «يالماغىز» (ئۆزبېك)، «جالماۋىز» (قازاق)، «جىلماغۇز» (قىرغىز) شەكلىدە ئۇچرايدۇ.

2) موڭغۇل ۋە مانجۇ ـ تۇڭگۇس تىللىق مىللەتلەردە «ماڭگۇس» (موڭغۇل)، «ماڭگاي» (داغۇر)، «ماڭماۋ» (ئېۋېنكى)م «ماڭسغار» (سالا) شەكلىدە ئۇچرايدۇ.

3) قەدىمكى ھون ۋە ۋېنگىر تىللىرىدا «مۇمۇس» ياكى «بوبۇس» شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. ئەسئەت سۇلايمان «يالماۋۇز» دېگەن سۆز «يەل» ۋە «مۇڭگۇز» دېگەن ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن پەيدا بولغان دەيدۇ ⑮. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يالماۋۇز ھەققىدىكى ھېكايىلەر تۈركىي ۋە موڭغۇل تىللىق مىللەتلەر چۆچەكلىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى ئوبراز بولۇپ، ئۇنىڭ تارىخى ئىنتايىن ئۇزاق.

5. رۇس ئالىمى يۇدىن ئۆز ماقالىسىدە «قەشقەر تارىخى» ناملىق كىتابتىكى مەلۇماتلارغا ئاساسەن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان موڭغۇل خانلىرىدىن شىرئەلى خاننىڭ بىر ئوغلى ۋە بىر قىزى بولغانلىقى، ئوغلىنىڭ ئىسمى سۇلتان ئۇۋەيس، قىزىنىڭ ئىسمى مەختۇمخان بولۇپ، ئۇنىڭ «مەختۇمسۇلا» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇنداقلا، شۇ مەلۇماتقا ئاساسەن «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىدىكى مەختۇمسۇلانى مەختۇمخانغا، چىن تۆمۈر باتۇرنى ئۇۋەيسخانغا تەققاسلايدۇ ⑯ . ھەقىقەتەن بىز موللا مىرسالىھ قەشقەرىنىڭ «چىڭگىزنامە» ناملىق كىتابىدىمۇ سۇلتان ئۇۋەيسخان ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى «مەختۇمسۇلا» ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى ئۇچرىتىمىز ⑰ . يۇدىن ئۇيغۇرلار ئىچىدە بىر قەدىمكى موتىف بولۇپ، كېيىن ئۇ موڭغۇللارنىڭ ئۇۋەيسخان ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى مەختۇمسۇلا ھەققىدىكى رىۋايەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

بۇ يەردە بىز يۇدىننىڭ «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى موڭغۇل رىۋايەتلىرىدىن كەلگەن، چىن تۆمۈر بىلەن مەختۇمسۇلا ئوبرازى ئۇۋەيسخان بىلەن مەختۇمخاننى كۆرسىتىدۇ، دېگەن كۆز قارىشىنى كەسكىن ئىنكار قىلىمىز. چۈنكى، يۇدىن بۇ كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، پەقەت ئۇۋەيسخاننىڭ سىڭلىسىنىڭ ئىسمى «مەختۇمخان» ئىكەنلىكى ۋە ئۇنى «مەختۇمسۇلا» دەپمۇ ئاتايدىغانلىقىدىن ئىبارەت مۇشۇ خىل ئەھۋالغىلا ئاساسلانغان. ئۇنداق بولسا، بىرىنچىدىن، «ئۇۋەيسخان» دېگەن ئىسىم قانداق قىلىپ «چىن تۆمۈر» دېگەن ئىسىمغا ئۆزگىرىپ قالىدۇ؟ ئىككىنچىدىن، قاچان، قەيەردە موڭغۇللار ئارىسىدا چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن مەختۇمسۇلانىڭ يات قەۋمگە قارشى كۈرەشلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان مۇنداق ھېكايە بولغانىكەن؟ ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن ئۇۋەيسخاننى موڭغۇللارنىڭ خانى دېگىلى بولامدۇ (خۇددى يەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇرېشىتخاننى موڭغۇل خانى دېگىلى بولمىغاندەك)؟ تۆتىنچىدىن، چىن تۆ-

مۇر بىلەن مەختۇمسۇلا ئەگەر موغۇل مىللىتىدىن بولسا، ئۇلار يەنە نېمە ئۈچۈن موغۇللارغا قارشى كۈرەش قىلىدۇ؟ يەنە كېلىپ نېمە ئۈچۈن موغۇل خەلقى بۇ ئىككىسىنى مەدھىيىلەپ رىۋايەت ـ ھېكايە توقۇيدۇ؟ ناھايىتى ئېنىقكى، يۇدىن بۇ مەسىلىلەرگە ھەرگىز جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ئەمدى «مەختۇمسۇلا» دېگەن ئىسىمغا كەلسەك، ئۇنىڭدىكى «مەختۇم» ئەرەبچە ئىسىم بولۇپ، ئۇ موغۇللارغا قارىغاندا ئۇيغۇرلارغا يېقىن كېلىدۇ. مۇسۇلمانلىشىپ ۋە ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن ئوۋەيسخان جەمەتىدە «مەختۇم» دېگەن ئەرەبچە ئىسىمنىڭ ئۇچرىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. «سۇلۇ» دېگەن سۆز قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «گۈزەل، چىرايلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ۋە كەڭ ئىستېمال قىلىنغان سۆزدۇر. ھەممىدىن ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىدىكى مەختۇمسۇلادىن ئىبارەت بىر ئەدەبىي پېرسوناژنىڭ ئىسمى تارىختا ئۆتكەن مەختۇمخان ئىسىملىك بىر كىشىگە ئوخشاپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا، يۇدىن ئەپەندى بۇ ئىككىسىنى بىر شەخس دەپ قارىغان ۋە «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى ئاشۇ تارىختا ئۆتكەن مەختۇمخان ۋە ئۇنىڭ ئاكىسىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، دېگەن كۈلكىلىك خۇلاسىنى چىقارغان. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بۇ كۈلكىلىك خۇلاسىسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، بۇ ھېكايە ئەسلىي موغۇللار ئىچىدە پەيدا بولغان (چۈنكى مەختۇمسۇلانىڭ ئەجدادى موغۇل)، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنى ئۇيغۇرلار قوبۇل قىلغان، دېگەنگە ئوخشاش بىمەنە كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

يۇدىننىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق: «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىدىكى مەختۇمسۇلانىڭ ئىسمى تارىختىكى شەخس مەختۇمخانغا ئوخشاش (پاكىت)، شۇڭا بۇ چۆچەك مەختۇمخاننىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان چۆچەكتۇر (ھۆكۈم). مەختۇمخاننىڭ ئەجدادى موغۇل (پاكىت)، شۇڭا بۇ چۆچەكمۇ موغۇل خەلقىگە مەنسۇپ (ھۆكۈم). كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، يۇدىننىڭ بۇ خىل كۆز قارىشى ئەقىلگە سىغمايدىغان كۆز قاراش بولۇپ، ئۇنى ھەرگىز قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. ئەمما يۇدىننىڭ «ئۇيغۇرلار ئىچىدە بۇ چۆچەككە مۇناسىۋەتلىك بىر قەدىمىي مۇتىف بولۇشى مۇمكىن» دېگەن كۆز قارىشىغا قوشۇلىمىز. ھەقىقەتەن ئۇيغۇرلاردا «چىن تۆمۈر باتۇر» ھېكايىسىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە بىر مۇتىف بولغان. كېيىن بۇ مۇتىف موغۇل ـ قالماق خانىغا قارشى كۈرەش بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىگە كېيىن قوشۇلغان بۇ مەزمۇن، بىزگە چىڭگىزخانىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرىش تارىخىنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى جۇڭغارلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرۇش ۋەقەلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

6. بىز «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىنىڭ رادلوف توپلىغان نۇسخىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىدۇق. ئەمما پانتوسوف بىلەن مالوۋ توپلىغان نۇسخىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئارقىلىق ئۇلار ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرقنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇق. مالوۋنىڭ كىتابىدا بۇ چۆچەكنىڭ «چىن تۆمۈر» ۋە «ئارپاغان باتۇر» ⑱ نامىدىكى ئىككى ۋارىيانتى بولۇپ، بۇلار ئاساسەن بىر ـ بىرىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ. ھەر ئىككى چۆچەكتە بىر باتۇرنىڭ سىڭلىسىنىڭ قېنىنى شورىغان «يەتتە باشلىق يەل مۇڭگۈز» دېگەن مەخلۇقنى يوقاتقانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا بۇ باتۇرنىڭ قالماق خانى بىلەن جەڭ قىلغانلىقى توغرىسىدىكى سۈژەت يوق. شۇنداقلا ھەر ئىككىلىسىدە «مەختۇمسۇلا» دېگەن ئىسىم ئۇچرىمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ ئورنىغا «سىڭلىسى» دېيىلگەن. بىر نۇسخىدا چۆچەكنىڭ باش قەھرىمانى «چىن تۆمۈر» ئەمەس، بەلكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئارپاغان» (بىر خىل زىرائەت) دېگەن سۆز بىلەن ئاتالغان. بەلكى بۇ ئەڭ بۇرۇنقى نۇسخىسى بولۇشى مۇمكىن. ئەمدى پانتوسوف توپلىغان نۇسخىغا كەلسەك، ئۇنىڭدا چىن تۆمۈر ۋە مەختۇمسۇلانىڭ يالماۋۇز ۋە قالماق خانى بىلەن قىلغان كۈرەشلىرى بايان قىلىنغان، يەنى بىز يۇقىرىدا ئېيتقان چۆچەكنىڭ ئىككى قىسىم ۋەقەلىكىنىڭ ھەممىسى بايان قىلىنغان. «چىن تۆمۈر باتۇر»نىڭ بۇ نۇسخىسى ھەققىدە ساۋۇت موللائاۋۇتوف تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە: قازاقىستان مەركىزىي ئارخىپخانىسىدا پانتوسوفنىڭ «تارانچى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۈلگىلىرى» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن ماتېرىياللارنىڭ ئەسلىدىكى قوليازما نۇسخىلىرى ساقلانغان. مانا شۇلار ئارىسىدا موللا بىلالنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن بىللە «چىن تۆمۈر باتۇر»، «تىبب پادىشاھ بىلەن زوھراخان» قاتارلىقلارمۇ بار ئىكەن. ساۋۇت موللائاۋۇتوف موللا بىلالنىڭ باشقا ئەسەرلىرى بىلەن بۇ چۆچەكلەرنى ئىنچىكە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى پەقەت بىرلا ئادەم، يەنى

موللا بىلالنىڭ ئۆزى يازغانلىقىنى ئىنقلاپ چىققان⑲ . شۇڭا بۇ ئىككى پارچە قىسسە شەكلىلىك چۆچەكنى موللا بىلالنىڭ شېئىرلار توپلىمى بولغان «ۋەتەن ئىشقىدا» ناملىق كىتابقا كىرگۈزگەن⑳ . ب. راشىدىنمۇ چۆچەكنىڭ «بۇ ۋارىيانتىنى بىلال نازىم ئۆزىنىڭ قولىيازمىلىرى قاتارىدا ن.ن.پانتوسوفقا تاپشۇرغان.»㉑ دەيدۇ. يۇدىن ھەم چۆچەكنىڭ پانتوسوف نۇسخىسىنى «موللا بىلال يېزىپ بەرگەن دېيىشىمىزگە ئاساسىمىز بار»㉒ دەيدۇ. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بۇ نۇسخا چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ قالماق خانىغا قارشى كۈرىشى تەسۋىرلەنگەن ئەڭ دەسلەپكى نۇسخا. بۇ چۆچەكنىڭ ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي، موڭغۇل تىللىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى ۋارىيانتلىرىنىڭ ھېچقايسىسىدا ئۇنداق ۋەقەلىك يوق. ب. راشىدىن بۇ چۆچەكنىڭ موللابىلال نۇسخىسى «ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ يەتتىنچى سىنىپى ئۈچۈن دەرسلىك كىتابىغا كىرگۈزۈلدى ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ كەڭ دائىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا مەلۇم بولدى.»㉓ دەيدۇ. بۇ ئەھۋاللاردىن بىز شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشىمىز مۇمكىنكى، بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى موللا بىلالنىڭ پانتوسوفقا يېزىپ بەرگەن نۇسخىسىغا ئاساسلانغان. بۇ نۇسخا غۇلجىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، 20 ـ ئەسىرلەرگىچە تېخى باشقا ئۇيغۇر رايونلىرىغا تارقىلالمىغان. چۈنكى مالوۋ 1914 ـ يىلى قومۇلدىن توپلىغان ھەر ئىككى ۋارىيانتىدا چىن تۆمۈرنىڭ قالماق خانىغا قارشى كۈرەشلىرى بايان قىلىنمىغان.

دېمەك، «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى ئۇزاق بىر تارىخىي جەرياننى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى (قان شورىغۇچى يالماۋۇز بىلەن ئېلىشىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان قىزنى قۇتقۇزۇش سۇژېتى) ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ئىچىدە پەيدا بولۇپ، مۇشۇ مىللەتلەر ئىچىدە كەڭ تارقالغان. ئۇ ئۇزاق ئەسىرلىك تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، تەخمىنەن 18 ـ ، 19 ـ ئەسىرلەردە غۇلجا ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە تېخىمۇ بېيىپ كەتكەن، يەنى ئۇنىڭغا موڭغۇل ـ قالماق خانىغا قارشى كۈرەش مەزمۇنى قوشۇلغان. مانا بۇ ھەقىقەتكە ئۇيغۇن خۇلاسە.

ئىزاھلار:

① ۋ.پ.يۇدىن: «‹چىن تۆمۈر باتۇر ۋە مەختۇمسۇلا›ناملىق ئۇيغۇر چۆچىكىنىڭ تارىخىي يىلتىزى»، رۇسچە، «ئۇيغۇر فىلولوگىيىسى مەسىلىلىرى»، 2 ـ توم، 1961 ـ يىلى ئالمۇتا نەشرى.

② ب. راشىدىن: «چىن تۆمۈر باتۇر ئېپوسى»، «ئۇيغۇرشۇناسلىق بويىچە تەتقىقاتلار» مەجمۇئەسى، ئالمۇتا، 2000 ـ يىلى 1 ـ سان.

③ رەيھان قادىر: ‹چىن تۆمۈر باتۇر› تۈركۈمىدىكى چۆچەكلەرنىڭ سېلىشتۇرمىسى»، «مىراس» ژۇرنىلى 1991 ـ يىل 2 ـ سان.

④ ماھنۇر ئەلىيېۋا: «ئۇيغۇر چۆچەكلىرى»، «ئالمۇتا»، 1975 ـ يىل رۇسچە نەشرى، 50 ـ بەت.

⑤ مۇھەممەدجان سادىق: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل نەشرى، 424 ~ 429 ـ بەتلەر.

⑥ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 1981 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى، 302 ـ ، 303 ـ بەتلەر.

⑦ ئوسمان ئىسمائىل: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىل نەشرى، 645 ~ 647 ـ بەتلەر.

⑧ «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، 14 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىل نەشرى.

⑨ «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، 5 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 1983 ـ يىل نەشرى.

⑩ مالوۋ: «ئۇيغۇر تىلى»، «قومۇل تېكىستلىرى»، موسكۋا لېنىنگراد 1954 ـ يىل نەشرى.

⑪ «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، 17 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىل نەشرى.

⑫ «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، 3 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىل نەشرى.

⑬ رەيھان قادىرنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسى.

⑭ ئىسابىللا خورۋارد: «ۋېنگر ۋە تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ چۆچىكى ‹ئاق ئات ئوغلى›نىڭ سۇژېت قۇرۇلمىسىنى سېلىشتۇرۇش»، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى خەنزۇچە، 1993 ـ يىل 3 ـ سان.

⑮ ئەسئەت سۇلايمان: «ئالتاي مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە يالماۋۇز ئوبرازى»، «مىراس» ژۇرنىلى 1994 ـ يىل 1 ـ سان.

⑯ يۇدىننىڭ يۇقىرىقى ماقالىسى.

⑰ موللا مىرسالىھ قەشقەرى: «چىڭگىزنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985 ـ يىل نەشرى، 78 ~ 80 ـ بەتلەر.

⑱ مالوۋنىڭ يۇقىرىقى كىتابى.

⑲ س. موللائاۋۇتوف: «ئارخىپ خەزىنىسىنى ئىزدىگەندە»، ئاپتورنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى داۋانلىرى» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن. ئالمۇتا 2002 ـ يىل نەشرى.

⑳ بىلال نازىم: «ۋەتەن ئىشقىدا»، 1987 ـ يىل ئالمۇتا مەكتەپ نەشرىياتى نەشرى.

㉑ ب. راشىدىننىڭ يۇقىرىقى ماقالىسى.

㉒ يۇدىننىڭ يۇقىرىقى ماقالىسى.

㉓ ب. راشىدىننىڭ يۇقىرىقى ماقالىسى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى فولكلور پەنلىرىنىڭ دوكتورى)

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد



# سۆيگۈ – ئەڭ قىممەتلىك بايلىق

بىر جۈپ ياش ئەر –ئايال ئاممىۋى ئاپتوبۇسقا چىقىپ، ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن باشقا –باشقا يەردە تۇرۇپ قاپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي، كىشىلەر ئارىسىدىن كىچىككىنە بىر يۇمشاق قول سوزۇلۇپ كېلىپ، ياش ئەرنىڭ قولىنى تۇتۇۋاپتۇ. ئەرنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى بىر خىل شىرىن ھېسسىيات چىرماپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قاپتۇ. ئاپتوبۇس بېكەتكە يېتىپ كەلگەن چاغدا، ئۇنىڭ ئۇ يۇمشاق قولنى پەقەتلا قويۇۋەتكۈسى كەلمەپتۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىسىم كارتۇشكىسىنى چىقىرىپ، قىلچە ئىككىلەنمەيلا ئۇ قولغا تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ.

ئاپتوبۇستىن چۈشۈۋاتقان چاغدا، بىر يۈك ماشىنىسى شىددەت بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلىپ كەپتۇ. كەينىدىن چۈشۈۋاتقان ئايالى دەرھال ئېرىنى نېرىغا ئىتتىرىۋېتىپتۇ، ئەمما ئۆزى قانغا بويىلىپ يەرگە يىقىلىپتۇ. ياش ئەر ئۆزىنى قۇتقۇزىمەن دەپ جېنىدىن ئايرىلغان بۇ ۋاپادار ئايالنى شۇنداق كۆتۈرۈشكە، ئۇنىڭ قولىدا ئۆزى بايا بەرگەن ئىسىم كارتۇشكىسىنىڭ چىڭ سىقىمداقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

شەك –شۈبھىسىزكى، بۇ بىر ئېچىنىشلىق ھېكايە، تۇرمۇشتا مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھېكايىلەر ناھايىتى كۆپ.

زېرىكىش تۇپەيلىدىن، بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز بەزى چاغلاردا، ئەسلىدىكى ئىللىقلىقىدىن چەتنەپ كېتىپ قالىدۇ. قىزىقىش تۇپەيلىدىن، بىزنىڭ سەپىرىمىز مەلۇم ئاچالغا كەلگەندە، بىلىپ –بىلمەيلا باشقا ياققا بۇرۇلۇپ كېتىدۇ. سەن كەينىمگە قايرىلايچۇ دەپ تۇرغان چېغىڭدا، مۇھەببەتنىڭ ئۇ يەردە ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالىسەن.

بىزنىڭ ياشاۋاتقىنىمىز رېئال تۇرمۇش، دېمەكچىمەنكى، ھەممىمىز ئادەتتىكى ئادەم. شۇڭا، تۇرمۇشىمىزدا ھەمىشە بەزى ئۇششاق –تۈششەك تاسادىپىيلىقلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، بۇ خۇددى بىر تۈپ دەرەختە زۆرۈر بولمىغان شاخ –پۇتاقلارنىڭ پەيدا بولۇپ قالغىنىدەكلا بىر ئىش.

شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، مۇھەببەت ئىنسانلارنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى، تۇرمۇشىمىز شۇنىڭ بىلەن مەزمۇن تاپىدۇ. سەنمۇ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۆز سۆيگىنىڭنى قولىدىن يېتىلەپ ماڭسەن، كىشىلىك ھاياتتىكى بۇ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقنى چوقۇم قەدىرلىگىن ھەم ئاسرىغىن.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ياشلار ئۈچۈن 101 ھېكمەت» ناملىق كىتابتىن تەييارلاندى.

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

uyghurkitap.com





# موری ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئۆتكەن ئۈچ كۈن

مۇختار تۇردى

يەر شارى ئىقتىسادى بىر گەۋدىلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، تالاي يەرلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماقتا ۋە يوقىلىپ كېتىۋاتماقتا. ب د ت ئىنسانىيەتنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيىتىنى قوغداش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. جۈملىدىن ئېلىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ بۇ چاقىرىققا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، خەلقىمىزنىڭ يوقىلىپ كېتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان فولكلور ۋە مەدەنىيەت بايلىقىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، خەلقتىن ئېلىپ خەلققە قايتۇرۇپ بېرىش، بۇ بايلىقلارنى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇش، شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت جەڭگىۋار ھالەت بارلىققا كېلىپ، نۇرغۇن تەتقىقات تېمىلىرى تۇتقا قىلىپ ئىشلىنىپ، ئاز بولمىغان نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. نەتىجىدە ئىلگىرىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشنى زىيادە تەكىتلەپ، ئادىمىيەت بايلىقىنى تونۇش ۋە ئۇنى قوغداشقا سەل قاراش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان زىيان ۋە يوقىتىشلارنىڭ ئورنى تولۇقلىنىۋاتىدۇ. رايونىمىز فولكلور ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزگىچىلىككە ئىگە بىر رايون بولۇپ، ئۇنىڭدا تېخى تەتقىق قىلىنماي كېلىنىۋاتقان، تىنىمسىز ئىزدىنىشكە ئەرزىيدىغان نۇرغۇن بوز ساھەلەر بار. بۇ ساھەلەرگە يەنە داۋاملىق مەبلەغ سېلىپ، تەتقىقاتلارنى ئۈزلۈكسىز قانات يايدۇرۇش بۇ مەنىۋى بايلىقلارنىڭ ھەقداسى بولغان خەلقىمىزنىڭ ۋە ئەۋلادلارنىڭ ئىلتىجاسى، شۇنداقلا دەۋرنىڭ تەخىرسىز تەقەززاسى. بىز مۇشۇ جەھەتتىكى تىرىشىش نەتىجىمىزنىڭ بىر تامچىسى سۈپىتىدە مەزكۇر ماقالىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇق.

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2003 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئابلىمت ئىمىن، مەريەم ھەمەتلەر بىرلىشىپ يازغان «چاغان بۇتخانىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ توي مەشرەپلىرى» ناملىق بىر

پارچە ماقالە ئېلان قىلىنىپ، جەمئىيىتىمىزدىكى كەڭ ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا خېلى ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى. ئۇشبۇ ماقالىدە: «... قاتناشنىڭ قۇلايسىزلىقى، ئەتراپىدىكى باشقا رايونلار بىلەن بولغان ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئالاقىلەرنىڭ كۆپ بولماسلىقى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ بۇ رايونغا كېيىنرەك تارقىلىشى قاتارلىق تارىخىي ۋە باشقا تۈرلۈك تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، چاغان بۇتخانىلىق ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى نىسبەتەن ئەينەن ساقلاپ كەلگەن ...» دېيىلگەندى.

چاغان بۇتخانىلىقلار ھازىرقى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنى مەركەز قىلغان چاغان بۇتى يايلىقى، بوزتام يايلىقى، نۇرى يايلىقى، بوستان قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان، ئاساسلىقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ رايوندا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 5000 غا يېقىن بولۇپ، بىر رايوندا ياشاۋېتىپتۇ. ئاز ساندىكى كىشىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، نۇرغۇن ئادەم بۇ جايدا ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ياشايدىغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىكەن.

بىز مەزكۇر ماقالە ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنىپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلانغاندىن كېيىن، چاغان بۇتخانىلىق ئۇيغۇرلاردا ئۆرپ ـ ئادەت، تىل ۋە باشقا جەھەتلەردە ھەقىقەتەن باشقا رايونلارغا ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن ئۆزگىچىلىكلەرنى ھېس قىلدۇق. نەتىجىدە ش ئۇ ئا ر خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى بۇ جاينى ئۆزىنىڭ تەتقىقات پىلانىغا نۇقتا قىلىپ كىرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى يۈسۈپ ئىسھاق، مۇھەررىرى مۇختار مۇھەممەد ۋە كەمىنە ئۈچىمىز ئالاقىدار رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ 2004 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئەتىگەندە دالا تەكشۈرۈش ئۈچۈن مورى ناھىيىسىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. بۇ مېنىڭ خىزمەتكە چىققاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم دالا تەكشۈرۈشكە مېڭىشىم بولغاچقا، قەلبىمنى بىر خىل ھاياجان چۇلغىۋالغان بولۇپ، كەيپىم تولىمۇ چاغ ئىدى.

«قىزىلبايراق» ئاسفالت يولدا قۇيۇندەك ئىلگىرىلەپ بارماقتا ئىدى. بۇ تېخى باھار پەسلىنىڭ مەيىن شامىلى بېسىقمىغان، دەل ـ دەرەخلەر تولۇق كۆكلەپ بولالمىغان، يېڭىدىن بىخ سۈرگەن ئوت ـ چۆپ ۋە گۈل ـ گىياھلار ۋاقىتسىز جۇدۇندىن ئۆتۈپ بولالمىغان چاغ بولۇپ، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان قىستالغان، ھاۋاسى بۇلغانغان شەھەر، قەپەسدەك تار بىنا ئۆيلەردە تۇرۇپ سىقىلغان روھىمىز بىردىنلا ئۇرغۇپ، قانلىرىمىز جانلىنىپ كەتتى. يول بويىدىكى تېخى توزۇپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن جىگدە چېچەكلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خۇشبۇي ھىدىمۇ تۇيغۇمىزنى غىدىقلاپ، مەسۇم چاغلىرىمىزدىكى سەبىي ئەسلىمىلىرىمىزنى ئېسىمىزگە سېلىپ ئۆتتى. باھارنىڭ پەيزىنى سۈرمەكچى بولغان ئادەم يېزىغا چىققۇلۇقكەن. ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان يۈسۈپ ئىسھاق ئاكا باھار قوشاقلىرىدىن ئۇلاپ ـ ئۇلاپ نەچچىنى ئېيتىۋەتتى. مۇختارمۇ قانچىلىغان ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ۋىسال تېپىشىغا شاھىت بولغان خاسىيەتلىك جىگدە چېچەكنى بەدىئىيلىكى ئانچە يۇقىرى بولمىغان بىر قانچە كۇپلېت شېئىر بىلەن تەرىپلەپ ئۆتتى. ئەنە شۇنداق جۇشقۇن بىر كەيپىيات ئىچىدە چۈشكە يېقىن مورى ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدۇق. مورى ناھىيىلىك تاش يول ئۆچاستكىسىنىڭ باشلىقى ۋەلى قادىر ئەپەندى بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. چۈشلۈك تاماق ئارىلىقىدا يۈسۈپكام بىلەن مۇختار كېلىش مۇددىئايىمىزنى قىسقىچە ئېيتىپ ئۆتتى. ۋەلى ئەپەندى بۇنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇرسەن بولدى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى پىششىق بىلىدىغان، مۇشۇ يەرگە يەرلىك ئادەمدىن بىرنى تېپىپ، ئۇنى بىزگە ياردەملىشىشكە قوشۇپ قويدى (بىز بۇ يەردە ۋەلى ئەپەندىنىڭ خىزمىتىمىزنى قوللاپ بىزگە يېقىندىن يار ـ يۆلەكتە بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا كۆپتىن كۆپ رەھمەت ئېيتىمىز). ۋاقتىمىز تولىمۇ قىسقا بولغاچقا، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ بۇ يەردە فولكلور ۋە مەدەنىيەت تېمىسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، مەخسۇس دالا تەكشۈرۈشنى رەسمىي باشلىۋەتتۇق. ۋەلى ئەپەندى بىزگە تونۇشتۇرۇپ قويغان كىشىنىڭ ئىسمى تۇرسۇن بولۇپ، ئۇ 40 نەچچە ياشلارغا كىرگەن، ئورۇق، ئوتتۇرابوي، ئۆڭگى ئاق ـ سېرىق، خۇشپېچىم ئادەمكەن. تۇرسۇنكامنىڭ كەسپى دېھقان بو-



«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى مۇختار مۇھەممەد يەرلىك سازەندىلەر بىلەن بىللە

لۇپ، ئۇ تېرىقچىلىق تۈگىگەن ئارىسالدى چاغلاردا توي ـ مەشرەپلەرگە قاتنىشىپ، داپ چالىدىكەن، ئۇنىڭسىز توي ـ مەشرەپلەر قىزىمايدىكەن. يەرلىك كىشىلەر ئۇنى تۇرسۇن سۇناي دەپ ئاتايدىكەن. بۇ ئادەمنىڭ يېشىنى ئانچە چوڭ دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ يېشىغا باققاندا نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىدىكەن. ئۇ بىزگە بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى، كىشىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە تارىخى قاتارلىقلارنى ئۆزىنىڭ بىلگىنى بويىچە قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى ھەمدە ئۆزى تونۇيدىغان نۇرغۇن ئەلنەغمىچى ئۇلپەتلىرى ۋە مويسىپىتلارنىڭ قېشىغا باشلاپ باردى. بىز تۇرسۇنكامنىڭ يول باشلىشى ۋە تونۇشتۇرۇشى بىلەن شۇ جايغا يەرلىك سىيىت ئەخمەد باقى (80 ياش، پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم مائارىپچى)، ئوسمان ئۆمەر، ئىلى روزى، تۇردى ھېمىت، ياقۇپ مۇئەللىم، ئىمەر روزى قاتارلىق مويسىپىتلار بىلەن سۆھبەت ئېلىپ باردۇق. بۇ مويسىپىتلارنىڭ ھەممىسى بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلار ئۆتكەن، تالاي ـ تالاي بوران ـ چاپقۇنلاردىن ئامان قالغان ھايات ئابىدە، تىرىك قامۇسلار ئىدى. ئۇلار گەرچە كۆپ ئوقۇيالمىغان، ھەتتا بەزىلىرى قارا ساۋات بولسىمۇ، ئەمما ھەممىسىنىڭلا تۇرمۇش بىلىمى ناھايىتى مول ئىكەن. ئۇلار بىزگە ئۆزىنىڭ بىلىدىغانلىرىنى خۇددى تاپقان ـ تەرگىنىنىڭ ھەممىسىنى ئايىماي داستىخانغا تۆكۈۋېتىدىغان سېخىي ساھىبخانىغا ئوخشاش بىرىنىمۇ قالدۇرماي تولۇق ئېيتىپ بەردى. ئۇلار ئېيتىپ بەرگەن نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە يەرلىك شېۋىلەر، ئۆرپ ـ ئادەتلەر ۋە يەنە كىتاب، قامۇسلاردىن ئىزدەپمۇ تاپقىلى بولمايدىغان ھەر خىل تۇرمۇش بىلىملىرى بار ئىدى.

چاغان بۇتخانىلىق ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى تاغچىلار، لوكچۇن ۋاڭنىڭ قويچىلىرى دەپ ئاتىشىدىكەن. بوۋايلارنىڭ ئېيتىشىچە، چاغان بۇتخانىلىق ئۇيغۇرلار ياشايدىغان بۇ تاغدا بىر خىل دەرەخ ئۆسىدىغان بولۇپ، يەرلىكلەر ئۇنى دولان دەرىخى دەپ ئاتايدىكەن. چاغان بۇتخانىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ توي ـ مەشرەپلەردە چالىدىغان، ئادەتتىكى دۇتاردىن سەل پەرقلىنىدىغان بىر خىل چالغۇسى بولۇپ، ئۇلار بۇنى «يىلانباش دۇتار» دەپ ئاتايدىكەن، يىلانباش دۇتار ئەنە شۇ دولان دەرىخىنىڭ ماتېرىيالىدىن ياسىلىدىكەن. بىزنىڭ بۇ خىل دۇتارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىر كۆرۈپ بېقىش ئىستىكىمىز بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل دۇتاردىن يەرلىكلەردە پەقەت بىر تاللا ساقلىنىپ قالغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە دۇتارنىڭ ئىگىسى تاغقا چىقىپ كەتكەنلىكى، ئۆيىدە باشقا ئادەم بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى كۆرۈش بىزگە نېسىپ بولماي قالدى.

يەرلىكلەر ئىرغاي يوپۇرمىقىنى قۇرۇتۇپ، ئۇنى چاي ئورنىدا دەملەپ ئىچىدىكەن، ئۇلار بۇنى شاغدال چاي دەپ ئاتىشىدىكەن. بىز ئۇلاردىن شاغدال چاينىڭ قانداق پايدىلىق تەرەپلىرى بارلىقىنى سورىدۇق. ئۇلار گەرچە ئۇزاق يىللاردىن بېرى شاغدال چايىنى ئىستېمال قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ نېمىلەرگە مەنپەئەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلمىدى (مېنىڭچە، جاھاندا سەۋەبسىز ئىش بولمايدۇ، ئۇلار گەرچە بۇ خىل چاينى نېمىلەرگە مەنپەئەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭدا مۇئەييەن بىر سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا مەن شاغدال چايىنى ئوزۇقلۇقشۇناسلىق ئىلمى ۋە ئۇيغۇر تېبابىتى نۇقتىسىدىن چىقىپ تەتقىق قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ دەپ قارايمەن. مۇبادا بۇ خىل چاينىڭ ھەقىقەتەن چاي ئورنىدا ئىستېمال قىلىشقا ئەرزىگۈدەك تەرەپلىرى بايقالسا، ئۇنداقتا ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەپ كېڭەيتكەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ چاي تۈرىدىن بىرسى كۆپەيگەن، چاغان بۇتخانىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىغىمۇ يەنە بىر يېڭى قان قوشۇلغان بولار ئىدى).

چاغان بۇتى يايلىقى ۋە تاغلاردا يېزىخۇ دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك ئۆسىدىغان بولۇپ، بوۋايلار-

نىڭ ئېيتىشىچە، تاماقنى كۆپ يەۋالغاندا بۇ خىل ئۆسۈملۈكنى قايىنىتىپ سۈيىنى ئىچسە، ئاشقازاننىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىنى ياخشىلاپ، تاماق سىڭدۈرىدىكەن. قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىدىكەن. مەلۇم بىر ئەزا ئىششىپ قالغاندا، يېزىخۇنى قايىنىتىپ يەرلىك ئورۇننى ئۇنىڭ سۈيى بىلەن يۇيۇپ بەرسە، ئىششىقنى ياندۇرۇپ، دېزىنفېكسىيە قىلىش رولىنى ئوينايدىكەن.

بىز چاغان بۇتى يايلىقىغا قاراپ ماڭغىنىمىزدا، تۇرسۇنكام ساپ ھاۋالىق تاغ باغرىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان، تاغ يوللىرىدا پىيادە مېڭىپ ئادەتلەنگەن بولغاچقىمىكىن، ئۇ بىز بىلەن بىللە كىچىك ماشىنىدا ئولتۇرۇپ مېڭىشقا كۆنەلمىدى. ماشىنا ھەر قېتىم كاتاڭ تاغ يولىغا چۈشۈپ سىلكىنگەندە، ھە دېگەندىلا كۆڭلى ئېلىشىپ، بېشى ئاغرىپ تولىمۇ بىئارام بولاتتى. ئۇ ئاخىر چىداپ بولالماي، ماشىنىنى توختىتىپ تۇرساڭلار، پەسكە چۈشۈپ بىردەم تۇرۇۋالاي، دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇستام ماشىنىنى توختاتتى. تۇرسۇنكام ماشىنىدىن چۈشۈپلا تاغ باغرىدىكى بىر دۆڭنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ تىمىسقىلاپ بىر نەرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى. بىر ھازادىن كېيىن بىر تۇتام ئوتنى يۇلۇپ ئېلىپ چايناشقا باشلىدى. بىز ئۇنىڭدىن بۇنىڭ نېمىلىكىنى سورىدۇق. ئۇ بۇ ئوتنىڭ يېزىخۇ ئىكەنلىكىنى، ئۇنى چاينىغاندىن كېيىن كۆڭلى ئېلىشىشنىڭ بېسىقىپ، باش ئاغرىقىنىڭ بىرئاز توختاپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. بىز شۇ چاغدا بۇ خاسىيەتلىك ئوتنىڭ شىپالىق رولىغا ھەيران قالدۇق.

چاغان بۇتى يايلىقىدا زىرىق (قارىقات) كۆپ ئۆسىدىغان بولۇپ، بۇ خىل ياۋا مېۋە كۆن تەگمەيدىغان دېمىق جايلاردا بولىدىكەن، ئۇنىڭ خاراكتېرى ھۆل سوغۇق بولۇپ، يەرلىكلەر ئۇنى شېكەر بىلەن قايىنىتىپ قىيام قىلىپ ئىچىدىكەن. بۇ يەردە يەنە گۆشەيلە (روگان) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئوت ئۆسىدىغان بولۇپ، يەرلىكلەر ئۇنى قايىنىتىپ تۆگىگە ئىچۈرۈدىكەن، ئۇ تۆگىنىڭ كېسەل بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، سەمرىتىدىكەن، ئۇنى ئادەملەرمۇ ئىستېمال قىلىدىكەن.

چاغان بۇتخانىلىق ئۇيغۇرلار ئاشقازىنى بۇزۇلغان، كۆچەنگەن، يۆتەل بولۇپ قالغان ئاتلارنى قاراندۇرۇز

دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنى قايىنىتىپ، ئاتنى بىر قانچە كۈن ئۇسسۇز قويۇپ، ئۇنىڭ سۈيىنى ئاتقا ئىچۈرۈش ئارقىلىق داۋالايدىكەن. ئۇلار يەنە زۇكامداپ قالغانلارنىمۇ يېزىخۇنى قايىنىتىپ ئىچۈرۈش ئارقىلىق داۋالاپ ساقايتىدىكەن. چاغان بۇتخانىلىق ئۇيغۇرلار جىددىي خاراكتېرلىك سوقۇر ئۈچەي كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنى قاشقا ئوغلاق (بورسۇق)نىڭ ئۇچۇرگىسى (ئۆچىيى)نى قايىنىتىپ ئىچۈرۈش ئارقىلىق داۋالايدىكەن. بۇ خىل دورا كېسەلگە شىپا قىلىپلا قالماي، يەنە كېسەلنى تېز يىلتىزىدىن ساقايتىۋېتىدىكەن، ئوپېراتسىيە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوقكەن. قاشقا ئوغلاق (بورسۇق) ئۆلىدىغان چاغدا، ئۇنىڭ بۇرنىدىن ئۈچ تېمىم قان ئېقىدىكەن، يەرلىكلەر بۇنى مىڭ خىل كېسەلگە شىپا بولىدىغان ئەڭ ئېسىل دورا دەپ قارايدىغان بولۇپ، بۇ خىل دورىنىڭ قىممىتى 3000دىن 5000 يۈەنگىچە خەلق پۇلىغا يارايدىكەن. بىز مويسىپىتلار بىلەن سۆھبەتلىشىش جەريانىدا نۇرغۇن يەرلىك شىۋىلەرنى خاتىرىلەپ چىققان بولساقمۇ، ئەمما سۆھبەتنىڭ قىزغىنلىقىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن سۆھبەت ئارىلىقىدا بەزى يەرلىك شىۋىلەرنىڭ مەنىسىنى قايتىلاپ سورۇۋېلىشقا مۇمكىن بولمىدى. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئەكچۇ—ھايۋان ئىسمى؛

2. جۆرە—ھايۋان ئىسمى، ئۇنىڭ تېرىسى قېتىقىغا چىلاپ ئەيلىنىدۇ؛

3. غۇران—جۆرەنىڭ ئەركىكى؛

4. بەلچىر—جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ (قەدىمكىسى



«مىراس» ژۇرنىلىدىكىلەر يەرلىك پېشقەدەملەر بىلەن بىللە

www.uyghurkitap.com





موری ئۇيغۇرلىرىنىڭ كەشتىلىرى

بەلتىر)؛

5. دەپسەك—جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ؛

6. سەكرىتمە—جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ؛

7. جاپسال—جىلغىدىن تېپىزراق يەر؛

8. كۆتەل—داۋىنى ئېگىز بولمىغان يەر، مەسىلەن، قۇم كۆتەل، قوش كۆتەل ... دېگەندەك؛

9. گۇجەك—قىشنىڭ كۈنى ناھايىتى ئىسسىق، شامال سوقمايدىغان، ئاپتاپ ياخشى تېگىدىغان، قىشلاشقا باب كېلىدىغان يەر؛

10. شىلۋە—بىر خىل ئۆسۈملۈك؛

11. تىۋىلغا—بىر خىل ئۆسۈملۈك؛

12. ئازغان—بىر خىل تىكەنلىك چاتقال؛

13. خادا—تىك يەر؛

14. يېزىخۇ—بىر خىل دورىلىق ئۆسۈملۈك؛

15. مايتا—جاي ئىسمى؛

16. مەتەر—تۆگىچى؛

17. قاراندۇرۇز—بىر خىل دورىلىق ئۆسۈملۈك؛

18. قىرقىماش—بىر ياشلىق بولغان، يايلى قىرقىلغان ئات؛

19. تېرىق—بىر خىل ئاھاڭ، توي مۇراسىمدا قىزنى كۆچۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن ئېيتىلىدۇ؛

20. داستار—كىيىش بىر خىل مۇراسىم؛

21. غۇنان—ئۈچ ياشلىق، ئاختا قىلىنمىغان ئات؛

22. مۆگە—مېۋە؛

23. بىر قوۋۇز—بىر يۇتۇم؛

24. تۆككەك—ئارغامچا چىگىلىپ قالغاندا شەكىللەنگەن يەشكىلى بولمايدىغان چىگىچ، توقۇناقلارنى يېيىشتە ئىشلىتىلىدىغان سايمان؛

25. يەللە—بىر خىل ئاھاڭ، ئۈچ خىل ئاھاڭ بىلەن تۈگەيدۇ، توي مۇراسىمدا قىزنى كۆچۈرگەندە ئېيتىلىدۇ؛

26. مېھىركاۋى—مېھىر ھەققى؛

27. مىلىس—مەشرەپ تۈگىگەندىن كېيىن ئېيتىلىدىغان تاغ ناخشىسى، باشقا چاغلاردا ئېيتىلمايدۇ. مىلىس ئېيتىلغاندا ئولتۇرۇۋېلىشقا بولمايدۇ؛

28. قارا قۇرت—ئوت ـ چۆپلەردە بولىدىغان بىر خىل ئۇششاق قۇرت، ئۇ يىلقىنىڭ قۇيرۇق قىسمىدىكى مايلىق جايغا چۈشىدۇ؛

29. سەر—ئاتنىڭ يايلىسى توختىغان جاينىڭ ئارقىسى؛

30. سۇزە—رەيھان (ئۆسۈملۈك)؛

31. قاپچىغاي—خالتىسمان، كىرگىلى بولىدىغان ئەمما چىققىلى بولمايدىغان جاي؛

32. ئۇدۇرگە—ئىسكىنا؛

33. چىندان—دەرەخ ئىسمى، ئۇنىڭ مېۋىسى پىشقاندا ناھايىتى چىرايلىق، قىپقىزىل بولىدۇ، ئەمما سەل قىرتاق؛

34. موينىاق—كۆتەلدىن پەسرەك، دۆڭدىن ئېگىزرەك يەر؛

35. ئالاڭقا—قارىغايلىقنىڭ ئارىسىدىكى قارىغاي يوق، كەڭ چىملىق يەر؛

36. قاپچال—جاپسالدىن چوڭراق، كۆلىمى كەڭ، تىكرەك، ئورمىنى بار يەر (جىلغا ئەمەس)؛

37. مادار—قۇشتىن چوڭ، كۆزى ئۆتكۈر، كۈچلۈك، ئاقۇش، سۇررەڭلىك قۇش. تاپ يېمەيدۇ، ئولجىنى زىيادە كۆپ يەۋالىدىغان بولغاچقا، قورسقى تويغاندىن كېيىن ئۇچۇپ كېتەلمەيدۇ. زىيانسىز، يېقىن بارسا ھۈرپىيىدۇ، قانداق جايدا ئۇۋىلايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىكەن؛

38. يەمتۈك—يەمچۈك؛

39. تۆگە يۇرچىقى—يۇرچاقنىڭ بىر خىلى؛

40. ئىچمەك—ئاتنىڭ ئىگىرى، كىگىز توقۇم قاتارلىقلارنىڭ ئاستىغا سېلىنىدىغان سېلىنچا، ئات قىزىپ كەلگەندە ئىچمەك سۇغۇرۇۋېلىنىدۇ، ئەگەر ياكى توقۇم ئاتنىڭ دۈمبىسىدىكى تەرنى ئۆزىگە سۈمۈرۈۋالىدۇ؛

41. كامپۇ—بىر خىل ئوت ـ چۆپ؛

42. شايپەتتالى—بىر خىل تاماق، قېتىپ قالغان نانلاردا ئېتىلىدۇ، نان قايناقمۇ دېيىلىدۇ؛

43. قىيىت—جازالاش دېگەن مەنىدە؛

44. ئۇلكۈن—كۆنگەي؛

45. دوغۇن—قىشلاق؛

46. يەلۈنكە—چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى ئەتمەي يۈرۈيدىغان ئادەم؛

47. سەرسەكە—جاي ئىسمى؛

48. خاشانغول—جاي ئىسمى؛

49. ئاخاشاي—جاي ئىسمى؛

50. كاتاغ دوغا—ئادەم ئىسمى؛

50. ئىگىشلىڭ—يولنىڭ ئېگىزدىن پەسكە قارىغان قىسمى؛

51. ئىشىك ئاچىمىز، تۇغقان بولىمىز.

بىز چاغان بۇتى يايلىقىغا يېتىپ كەلگەندە كۈن چۈش بولغان بولۇپ، تۇرسۇنكام بىزنى ئېلى روزىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كىردى. ھەممە بىزنى ئۆي ئىگىسىگە قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ كېلىش مۇددىئايىمىزنى ئېيتىپ ئۆتتى. ساھىبخان بىزنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇشال بولدى ھەممە چۈشلۈك تاماقنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇردى. بىز تاماق پىشقىچە مەھەللە چوڭلىرى بىلەن تاغدىن ـ باغدىن گوڭۇر ـ موڭۇر مۇڭداشتۇق. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆي ئىگىسى ئۇزاق يىل كەنت باشلىقى بولغان بولۇپ، ھازىر ئارامغا چىقىپتۇ. ئۆي ئاددىيلا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۆينىڭ ئىچىگە تاختاي بىلەن سۇپا چىقىرىلغان، سۇپا ئۈستىگە ئورۇن ـ كۆرپىلەر رەتلىك تىزىۋېتىلگەن، ئورۇن ـ كۆرپىنىڭ ئەڭ ئۈستىگە قولدا گۈل كەشتىلەنگەن بىر نەچچە ياستۇق قويۇلغانىدى. مەن دەرھال ئاپپاراتنى ئېلىپ ياستۇق قېپىغا كەشتىلەنگەن گۈل نۇسخىلىرىنى رەسىمگە تارتتىم ھەمدە سىنئالغۇغا ئالدىم. ئاڭغىچە مەھەللە چوڭلىرىدىن يەنە بىر قانچەيلەن كىرىپ كەلدى. سالام ـ سائەتتىن كېيىن ئۆزئارا تونۇشۇپ چىقتۇق. كەلگۈچىلەر مۇشۇ يەرگە يەرلىك سازەندىلەر بولۇپ، ئۆي ئىگىسى ئۇلارنى ئورۇمچىدىن مېھمان كەلدى، نەغمە قىلىپ بەرسەڭلا دەپ چاقىرتىپ كەلگەنىكەن. ئۇلار بىرمۇ بىر پىيالىدىن چاي ئوتلىغاندىن كېيىن نەغمىنى باشلىۋەتتى. ئۇلاردا بارى پەقەت بىر داپ، بىر دۇتار ئىدى، تۇرسۇنكام تەييارلىقسىز بولغاچقا، دۇتىرىنى ئالماي كەلگەنىكەن، شۇڭا ئۇ بىر تۆمۈر لىگەن بىلەن سازەندىلەرگە جۆر بولۇپ تەڭكەش قىلدى، ئادەتتە پولۇ ۋە باشقا تاماقلارنى ئۇسسۇپ يېيىشتىن باشقا ئىشقا ئىشلىتىلمەيدىغان بۇ نەرسىنىڭ ئۇنىڭ قولىغا چىققاندىن كېيىن جان كىرىپ ساز بولغىنىنى كۆرۈپ تولىمۇ ھەيران بولدۇق. نەغمىچىلەر ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك ناخشىسى سۈپىتىدە نۇرغۇن تاغ ناخشىسىنى ئېيتىپ ئۆتتى. بۇ ناخشىلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئاھاڭى تۇرپان، قومۇل ناخشىلىرىنىڭكىگە، بەزىلىرى پىچان، توقسۇنىڭكىگە ئوخشايتتى. ئارىمىزدا پەقەت مەنىلا دولانلىق ئىدىم، كىچىك چاغلىرىمدا دادام بىلەن بىللە بىر قانچە قېتىم تويلارغا بارغىنىمدا، دولان مەشرىپىگە داخىل بولۇپ، دولان مۇقاملىرىنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولغانىدىم. مۇزىكا سېزىمىمنى ئانچە يۇقىرى دەپ كەتكىلى بولمايتتى. بىراق بۈگۈن بىر ئىشتىن تولىمۇ ھەيرانۇ ـ ھەس بولدۇم، چۈنكى ئۇلار ئېيتقان يەرلىك تاغ ناخشىلىرىنىڭ ئىچىدە مەن كىچىك چاغلىرىمدا ئاڭلىغان ۋە گۆدەك قەلبىمگە سىڭىپ قالغان دولان مۇقامىنىڭ ئاھاڭ ۋە ئېلىپمىنتلىرىمۇ چىقىپ قالدى. كاللامدا بىردىنلا نېمە ئۈچۈن بۇ يەردىكى كىشىلەر ھېلىقى دەرەخنى دولان دەرىخى دەپ ئاتايدۇ، ئۇلارنىڭ «يەرلىك» ناخشىلىرىنىڭ ئىچىدىن دولان مۇقاملىرىنىڭ ئاھاڭى چىقىپ قالىدۇ؟ ... دېگەنگە ئوخشاش چىگىش سوئاللار تۇغۇلدى. شۇ ئارىدا تاماق تارتىلدى، تاماق ئادىدىيلا بولۇپ، يەرلىك كۆدە، قوي گۆشى ۋە تۇخۇم بىلەن قورۇلغان ئۇچ ـ تۆت تەخسە قورۇما، نان، بوغۇرساق، چاقماق قەنت داستىخانغا قويۇلدى. ساھىبخان: «ئەتىيازنىڭ سېرىقتال ۋاقتىدا كېلىپ قاپسىلەر، قاتتىق ـ قۇرۇق بولسىمۇ قېنى ئېلىشسىلا» دەپ تاماققا تەكلىپ قىلدى. قورساقنى چالا ـ بۇلا ئەستەرلىۋالغاندىن كېيىن، مۇختار بىلەن ئىككىمىز تاغ باغرىغا جايلاشقان بۇ يېزىنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىش، باھار پەسلىدىكى يېشىللىققا پۈركەنگەن گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا

قىلىش ئۇچۇن تالاغا چىقتۇق. ئۆينىڭ ئالدىدىكى باغدا بىر قانچە تۈپ ئۆرۈك بولۇپ، غورىسى تىرناقچىلىق بولغانىدى، غورىنى كۆرۈپ بالىلىق مىجەزىمىز قوزغالدى، ئۆزىمىزنىڭ مېھمانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ ئىجازەتسىز لا غورىغا قول سۇندۇق. ئۆز قولىمىز بىلەن شاختىن غورا ئېلىپ يەپ باقمىغىنىمىزغىمۇ خېلى يىللار بولۇپ قالغانىكەن. شۇڭا غورا ئاجايىپ تېتىپ كەتتى. مۇختار ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ھاياجانلانغىنىدىن «باغقا كىردىم شوراڭدىن، بىرنى ئۈزدۈم غوراڭدىن ...» دەپ غىڭشىپ ناخشا ئېيىتىشقا باشلىدى. بىز بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ چوڭ يولغا چىقىپ قالدۇق، بىز چۈشكەن ئۆيدىن ئانچە يىراق بولمىغان، يول بويىغا سېلىنغان بىر ئۆينىڭ ئالدىدا بىر قانچە ئايال تونۇرغا ئوت سېلىۋاتقانىكەن، ئىككىمىز تەڭلا شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق، ئاياللار بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، تونۇرنىڭ قۇرۇلمىسىنى كۆرۈپ چىقتۇق. بۇ تونۇرنىڭ تاشقى شەكلى قەبرەسىمان بولۇپ، پىششىق خىشتىن قوپۇرۇلغان، ئادەتتىكى تونۇرلارغا ئوخشاش دائىرىلىك ئىدى. بىراق ئىچىگە شور يالىتىلمىغان، بەلكى مەشكە ئوخشاش تۆمۈر تاياقچە بىلەن چوغلۇق ئورنىتىلغانىدى. بۇ قانداق تونۇر ئەمدى؟ ھەر ئىككىمىز تەڭلا ھەيران بولۇپ بىر ـ بىرىمىزگە قاراشتۇق. شۇ ئەسنادا تونۇرمۇ قىزىپ ھاۋىسى يېنىپ قالدى، بىر قىز بىلەن بىر ئايال ئۆي ئىچىدىن راسلانغان 20 ـ 30 دەك نان خېمىرىنى قەلەيدىن ياسالغان تۆت چاسا شەكىللىك چوڭ بىر لېگەنگە ئېلىپ چىقتى. ئۇلار تونۇر ئىچىدىكى كۆيۈپ بولالمىغان چۇچۇلىلارنى كۆسەي بىلەن تارتىۋېتىپ، نانلارنى لېگەن بىلەنلا تونۇرنىڭ ئىچىدىكى چوغلۇقنىڭ



موري ئۇيغۇرلىرىنىڭ تونۇرى

ئۈستىگە قويدى، ئارقىدىنلا دائىرىلىكنى ئېتىپ تونۇرنى دۈملىۋەتتى. بىز ھەيران بولدۇق، بۇ تونۇرنىڭ پرىنسىپى بىز ئادەتتە ئىشلىتىدىغان دوخۇپكىنىڭكىگە ئوپمۇئوخشاش ئىدى. ئوخشىمايدىغان يېرى بۇ «دوخۇپكا»غا توك كەتمەيتتى، بەلكى ئوتۇن بىلەن قىزىتىلاتتى. ئاياللار ناننى چاپلايمەن دەپ يۈز ـ كۆزى، قولىنى كۆيدۈرۈپ جاپا تارتمايتتى.

بىز موري ناھىيىسىدە پەقەت ئۈچ كۈنلا تۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدۇق. كەلگەنگە تۇشلۇق ئازدۇر ـ كۆپتۇر ماتېرىيالمۇ توپلىدۇق، ئەمما بۇ ماتېرىياللار بىزنىڭ كۈتكىنىمىزدىن تولىمۇ يىراق ئىدى. بىز بۇ يەرگە بەكلا كېچىكىپ كەلگەن ئىكەنمىز، چۈنكى چاغان بۇتخانىلىق ئۇيغۇرلارغا ئائىت نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىدىغان، چاغان بۇتى يايلىقىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بوۋاي ـ مومايلارنىڭ كۆپىنچىسى بارسا كەلمەسكە كەتكەنىكەن، زاماننىڭ تەرەققىياتى، قاتناشنىڭ قۇلايلىقى قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن، ھازىرقى زاماننىڭ تۈرلۈك يېڭىلىقلىرى بۇ يەرگىمۇ سىڭىپ كىرگەن بولغاچقا، ئۇلاردىكى ئۆزگىچىلىكلەر ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. بىز چاغان بۇتخانىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ، مېھمان كۈتۈش ئادەتلىرىنى كۆرۈپ بېقىش ئىستىكىدە بولغان بولساقمۇ، ئەمما ئەتىياز پەسلى بولغاچقا (خەلقىمىز ئارىسىدا ئەتىياز پەسلىدە پۈتۈن بەدەن بوشىنىپ، يىلىكلەر سۈيۈلۈپ، خىلتلار بۇزۇلىدۇ دەپ قاراپ، توينى باھار پەسلىدە ئەمەس، بەلكى مول ھوسۇللۇق كۈز پەسلىنى تاللاپ قىلىدىغان ئادەت بار ـ ئا) توي قىلىدىغانلار چىقمىدى. شۇڭا ئىلاجىسىز توي فىلىمى ئىشلەيدىغان بىر يىگىتتىن بىرسىنىڭ سۈرەتكە ئېلىنىپ ئىشلەنگەن توي مۇراسىمى پلاستىنكىسىنى كۆپەيتىۋېلىپ قايتىپ كېتىشكە تەرەددۇتلاندۇق. يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرسۇنكام باشلىق بىر قانچە مويسىپىت ئۆزلىرى تاغدىن يىغىپ قۇرۇتۇپ قويغان يېزىخۇنى يوللۇق تۇتۇپ، ئالدىمىزغا ئوبدان چىقالمىغانلىقىنى دەپ ئۆزرە ئېيتتى. بىز بۇ ئاق كۆڭۈل كىشىلەردىن، ساپ ھاۋالىق بۇ يۇرتتىن ئايرىلىشقا كۆزىمىز قىيمىغان ھالدا كۆڭلىمىزدە ئۇلارغا خەيرلىك تىلەپ ئۈرۈمچىگە قاراپ يول ئالدۇق.

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد






## كۆيۈمچان ئاكا ـ ئۇكىلار

ئىككى ئاكا ـ ئۇكا بولۇپ، ئىنتايىن ئىناق ئۆتكەنىكەن. ئىنىسى چوڭ بوپتۇ. ئاكىسى ئىنىسىنى ئۆيلەپتۇ ۋە كۆپ چىقىمدار بولۇپ، نۇرغۇن مېھمانلارنى ئۇزىتىپتۇ. توي ئاياغلىشىپ ئاخشىمى قىزنى كۆچۈرۈپ، ھۇجرىغا كىرگۈزۈپتۇ ۋە:

ـــچارچىدىڭلار، ئەمدى ئۇخلاپ قېلىڭلار. ئەتە ئەتىگەنــدە مېھمانلار كېلىدۇ،ـــدەپتۇ.

يىگىت ئۇخلاشقا تەييارلىق قىلىۋېتىپ، يادىغا بىر نــەرســە كەپتۇ: «بۈگۈن توي قىلدۇق. ئەمما مەن ياشلار بىلەن بولدۇم. ئاكام تويىنى قانداق تۈگەتكەندۇ، ئۇقمىدىم. ئەتە بولسا چىللاق قىلىمىز، ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ يۇرت كېلىدۇ. مەن بولسام بىر ـ ئىككى كۈنگىچە چوڭلار ئالدىغا چىقالمايمەن. شۇڭىچە ئاكام ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تارتىپ قالسا قانداق قىلىدۇ؟ مەن ھالىدىن خەۋەر ئالالمىدىم. ئۇنىڭ ئۈچۈن دەرھال كېچىدىن پايدىلىنىپ ئاكامغا بىر ئاز بۇغداي يەتكۈزۈپ بېرەي» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ تۆت تاغار بۇغداي قاچىلاپ ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە مېڭىپتۇ.

ئاكىسىمۇ شۇ كۈنى كېچىسى: «بۈگۈن خۇدا بۇيرۇسا تويىنى تۈگىتىپ خاتىرجەم بولدۇق. ئەتە چىللاقنى تۈگەتسەك، ئاندىن پۈتنى ئۇزۇن سۇنۇپ دەم ئالارمىز. بىراق ئىنىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمىدىم. قانداق قىلىۋاتقاندۇ؟ ئەتە ئەل ـ ئاغىنىلىرى كەلسە يېڭى توي قىلغان بالا خىجىل بولۇپ قالارمۇ؟ ئۇنىــڭ ئــۈچــۈن مۇشۇ كېچىدە ئىنىمغا ئۈچ ـ تۆت تاغار بۇغداي يەتكۈزۈپ بې-رەي» دەپتۇ ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، ساڭدىن تۆت تاغار بۇغداي قاچىلاپ، هارۋا بىلەن يولغا چىقىپتۇ. دەل كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن بىر ـ بىرسى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

ـــئاكا نەگە ماڭدىڭ؟

ــسەن نەگە ماڭدىڭ؟

ئەتە چىللاق قىلساق تۇغقانلارنى چاقىرىسەن. تويدا كۆپ پۇل خەجلىدىڭ، يېنىڭدا بىرەر نەرسە قالدىمۇ ـ يوق، دەپ ئەنسىرەپ كېچىدىن پايدىلىنىپ، ئازراق بۇغداي ئاپىرىپ بېرەي دەپ ماڭدىم.

مەنمۇ شۇ، سەندىن ئەنسىرەپ، ئەتە «توي قىپسەن» دەپ يۇرتنىڭ ياشلىرى كەلسە خىجالەت بولۇپ قالمىسۇن دەپ، ئازراق بۇغداي ئېلىپ ماڭغانىدىم،

ئۇلار: «ئىككىمىزنىڭ نىيىتى خالىس ئىكەن، سەن مېنىڭ ئۆيۈمگە، مەن سېنىڭ ئۆيۈڭگە ئېلىپ بارايلى» دېيىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

## بىز ياخشى، سىلەر ياخشى

ئىككى ئاكا ـ ئۇكا بىر ـ بىرىنىڭ ئىناقلىقىدىن مەغرۇرلىنىپ خوتۇنلىرى ئالدىدا ماختىنىدىكەن. ئەمما ئىككىسىنىڭ ئاياللىرى بولسا: «ئۇنداق ئەمەس بىز ياخشى، سىلەر ياخشى» دەيدىكەن. ئەرلەر بولسا يەنىلا ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ «ياق، بىز ياخشى بولغاچقا سىلەر ياخشى ئۆتۈۋاتىسىلەر» دەيدىكەن.

ــ ئانداق بولسا، ـ دەپتۇ ئاكىسىنىڭ ئايالى، ـ قېنى كىمنىڭ ياخشىلىقىدىن سىلەرنىڭ ياخشى ئۆتۈۋاتقىنىڭلارنى كۆرەيلى.

بىر كۈنى ئىنىسى قوي سويۇپتۇ. قوينىڭ بىر بۆرىكىنى ئاكىسىنىڭ ئوغلىغا، بىر بۆرىكىنى ئۆزىنىڭ ئوغلىغا بېرىپتۇ. ئىنىسىنىڭ ئايالى بولسا بۆرەكنى دەرھال پىشۇرۇپ ئوغلىغا يېگۈزۈپتۇ. ئاكىسىنىڭ ئايالى بولسا بۆرەكنى ئوغلىغا بەرمەي ئېرىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ. ئايال ئېرىنىڭ دەرۋازىدىن كىرىپ كېلىۋاتقىنىنى بايقاپلا ئوغلىنىڭ كاسىسىغا بىر ـ ئىككى شاپىلاق ئۇرۇپ يىغلىتىپتۇ. ئوغلى يىغلاپ دادىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. دادىسى ئوغلىنى بەزلەپ ئايالىغا كايىپتۇ:

ــنېمە ئۈچۈن بالىنى يىغلىتىسەن؟

ــقارىمامسىز ئىنىڭىز قوي سويۇپ، ئۆزىنىڭ ئوغلىغا بۆرەكنىڭ چوڭىنى بېرىپ، بىزنىڭ ئوغلىمىزغا كىچىكىنى بېرىپتۇ. شۇڭا ئەتىدىن كەچكىچە يىغلاپ ئارامىمنى قويمىدى.

ــھە، مۇنداق دېگىن، ـ دەپتۇ ئاكىسى دەرغەزەپكە كېلىپ، ـ ئاكامنىڭ ئوغلى دەپ، يۈز ـ خاتىرە قىلماي چوڭ بۆرەكنى ئۆزىنىڭ ئوغلىغا بەرگىنىنى قارا.

ئاكىسى يۈگۈرۈپ چىقىپ ئىنىسىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ، كاچىتىغا بىرنى سالىتۇ.

ــسەنزە ئاكامنىڭ بالىسى دەپ يۈز ـ خاتىرىمۇ قىلماي، مېنىڭ ئوغلۇمغا سويغان قويۇڭنىڭ كىچىك بۆرىكىنى، ئۆزۈڭنىڭ ئوغلىغا چوڭ بۆرىكىنى بېرىپ كېتىپسىنا؟ نېمىشقا مېنىڭ بالامنى كەچكىچە خاپا قىلىسەن؟

ئاكىسى توختىماي جار سېلىشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ،ــئەسسالامۇئەلەيكۇم، بۆرەكنىڭ چوڭ ـ كىچىكى بولامدىكەنــدەپتۇ ۋە ئۇلارنى ئاجرىتىپ.

ــزادى كىم ياخشىكەن، سىلەرمۇ، بىزمۇ؟ــدەپتۇ.

## دەردى يوق ئادەم بارمۇ؟

بۇرۇنقى زاماندا بىر توپ قاراقچىلار دەشتى قىپچاقتىكى ئەڭ چوڭ مۇلۇكدارنىڭ مال دۇنياسىنى بۇلاپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار بۇلىماقچى بولغان باينىڭ ئىسمى يىغلاڭغۇ باي ئىكەن. يوغان بۇرۇن دېگەن قاراقچى 100 دىن ئارتۇق ھەمراھىنى باشلاپ يىغلاڭغۇ باينىڭ قورۇقىغا كەپتۇ. يايلاقتىكى سان ـ ساناقسىز چارۋا ـ ماللارنىڭ يىغلاڭغۇ بايغا قارايدىغانلىقىنى كۆرۈپ بىرەر يۈز دەك قاراقچى ساپ نەسىللىك ئاتلارنى بۇلاپ ھەيدەپ كېتىپتۇ. يوغان بۇرۇن بولسا قالغان يىگىتلەر بىلەن باينىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئاپتۇ.

ئۇلار ياپيېشىل چىمەنزارلىق، زۇمرەتتەك بۇلاقلار بۇلدۇقلاپ تۇرغان ئاۋۇلغا كېلىپ 50 ـ 60 تەك چېدىر ئۆيلەرنىڭ ئارىسىدىن سەككىز قاناتلىق قىلىپ ياسالغان، چېدىرنىڭ ئۈستىدە بايراقلىرى لەپىلدەپ تۇرغان ئەڭ ھەيۋەت ئۆيگە سالام قىلىپ كىرىپ كەپتۇ.

تولىمۇ كاتتا بېزەلگەن، قىز ـ كېلىنچەكلەر ئايىغى ئۈزۈلمەي خىزمەت قىلىپ تۇرغان ئۆينىڭ تۆرىدە يېشى 100گە تاقاشقان بولسىمۇ چىرايىدىن كەتمىگەن، سۆلەتلىك ساقال قويغان يىغلاڭغۇ باي ئولتۇرغىدەك.

يوغان بۇرۇن يىغلاڭغۇ باي سالاملاشقاندىن كېيىن ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

ــئاقساقال، ئاللا ساڭا ساناپ تۈگەتكۈسىز مال ـ دۇنيا بېرىپتۇ. زېمىندىكى ئالتۇن ـ كۈمۈش، قىز ـ كېلىنچەك، خىزمەتكار دېگەن سېنىڭدىن باشقا كىشىگە ئاشمىغۇدەك. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۆزۈڭگە لايىق، شەرەپلىك ئىسىملارنى قويماي، نېمىشقا يىغلاڭغۇ باي دەپ ئاتىلىپ قالدىڭ؟

ــ ئەي، يىراقتىن كەلگەن مېھمانلار، يىغلاڭغۇ چال دېگەن لەقىمىمنى سوراپ قالدىڭلار، بۈگۈن بۇنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەشكە توغرا كەلدى ...

يىغلاڭغۇ باي قولىغا دۇمبىراسىنى ئېلىپ مۇنداق ھېكايىنى سۆزلەپتۇ:

12 ياش ۋاقتىم ئىدى. شىمالىي ئالتايدا ياشىغۇچى تولۇقەبىلىسىگە نەچچە يۈز قىپچاق يىگىتى بىلەن چارۋىچى (بۇلاڭچىلىق)قا بارغان ئىدۇق. مەن ئەسىرگە چۈشۈپ قالدىم. تولۇ قەبىلىسىنىڭ كاتتا ھوقۇقدار بېيىنىڭ قورۇسىدا 12 يېشىمدىن 24 يېشىمغىچە زەنجىر بىلەن باغلىنىپ ئىتنىڭ كۈنىنى كۆردۈم.

باينىڭ مەن بىلەن تەڭ شۇنداق چىرايلىق قىزى بار ئىدى. قىز دەل 24 ياشقا كىرگەن كۈنى تولۇلارنىڭ چوڭ بىر مەرىكىسى بولدى. ھاراقنى ئۆلگۈدەك ئىچىپ تاغ قاپتىلىغا چۈشۈۋالغان مەرىكە ئەھلى بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە كېتىشتى. بىر چاغدا ھېلىقى گۈزەل قىز پەيدا بولۇپ:

ــ ئەي يىگىت، سېنىڭ بوسۇغىمىزدا باغلاقلىق تۇرغىنىڭغا 12 يىل بولدى. ئەمدى سېنى قويۇپ بەرسەم. باغلاقلىق ئاتلارنىڭ بىرىگە مىنەمسەن؟!ــ دېدى. مەن:

ــ ئەگەر قويۇپ بەرسەڭ، بىر ئەمەس، بىر نەچچە ئاتقىمۇ مىنىمەن، ـ دەپ يۈگۈرگەن پېتىم توسۇن ئاتقا مىندىم. قىز دەرھال:

ــ بولدى قايتىپ كەل،ــ دېدى ۋە بىر مۇنچە دۇنيانى كۆرسىتىپ:ــ مۇنۇ ئىككى ساندۇقنى بىر ئاتقا ئارت، مۇنۇ ئىككى خۇرجۇننى ئىككى ئاتقا ئارت، دەرھال ئاتقا مىنىپ قاچايلى.

مەن راستىنلا قىزنى ئېلىپ قاچتىم. قىز:

ــ ماۋۇ تىنچ ئاقىدىغان سۇنى كېچىپ ماڭايلى، بولمىسا ئۇلار ئارقىمىزغا چۈشۈپ تۇتۇپ كەتمىسۇن، ـ دېدى.

بىز توختىماي 20 كېچە ـ كۈندۈز مېڭىپ ئۆزىمىزنىڭ ئورتا يايلىقىغا باردۇق. يايلاقتا ئىنس ـ جىن قالماپتۇ. كۆچكەن ماللارنىڭ تېزىكىگە قاراپ ئۇلارنىڭ يېڭىلا ئۇزاپ كەتكەنلىكىنى بايقىدىم. ئارقىسىدىن ماڭغان بولساقمۇ يېتىشىپ ئالالايتتۇقكەن ھە...ي، ئەخمەقلىقىم ـ دە، قىزغا:

ــ ئاتلارنى بىرئاز ئارام ئالدۇرۇپ، ماڭايلى، ـ دەپ بۇ يەرگە چۈشۈپ ئارام ئالدۇق. چاي ئىچىپ قورساقنى تويغۇزغاندىن كېيىن قىز:

ــ ئەي يىگىت، سېنىڭ ئورتا يايلىقىڭدا ئارام ئالدۇق. ھەر نېمە بولسا ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ، تەۋەلىكىڭگە ئۆتۈۋالدۇق. ئەمدى سەن بېرىپ زۇمرەتتەك سۇلىرىڭدا چۆمۈلۈپ كەل، مەنمۇ سىلەرنىڭ قائىدەڭلار بويىچە بويۇمنى سۇغا سېلىپ، نىكاھلىنىپ ھەقىقىي قوشۇلايلى، ـ دېدى.

مەن ئېلىمنىڭ زەمرەت ئېقىنلىرىدا يۇيۇنۇپ 12 يىللىق ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىم يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. سۆيۈملۈك، كۆيۈمچان، جاندىن ئەزىز ئۆمۈرلۈك ھەمراھىم بولىدىغان قىزنىڭ ئالدىغا باردىم. قىز:

ــ ئەي يىگىت، قاراپ تويمىغۇدەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن، ئەمدى مەنمۇ مۇسۇلمان بولۇپ قاتارىڭلارغا قېتىلدىم. بويۇمنى سۇغا سېلىپ كېلىپ، ئاندىن ئىككىمىز نىكاھلىنىپ قوشۇلايلى ــ دەپ بۇلاققا يۈيۈنغىلى كەتتى.

خېلىغىچە ساقلىدىم، قىز كەلمىدى. بېرىپ باقاي دېسەم نامەھرەم بولىدۇ. يېرىم كۈن ئۆتۈپ كەتتى. زادى بولماي بۇلاق بويىغا باردىم. قىزنى ئالىلقاچان يىلان چېقىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئاھ، ئۇردۇم، قان يىغلىدىم، ھېچ ئىش ئورنىغا كەلمىدى. قائىدىمىز بويىچە نامىزىنى چۈشۈرۈپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدۇم. 12 كۈن تاماق يېمەي، سۇ ئىچمەي مۇسىبەتتە بولدۇم، قارلىقىنى ئۆشتىدىم... بىراق كەپتەردەك گۇ ـ گۇكلاپ، بۇقۇلداپ يىغلىسام يىغلىغۇم كېلىدۇ. نېمىشقا شۇنچە يەردىن تولۇ قەبىلىسىگە بۇلاڭچىلىققا كەلدىم، نېمىشقا گۈزەل قىزنى ئۇچراتتىم، ھايات دېگەن مۇشۇنچىلىك ئىكەنغۇ؟ ئېسىت ـ ئېسىت دەپ ئۆرتەنسەم ـ ئۆرتەنسەم كۆز يېشىم توختىمايدۇ، ـ يىغلاڭغۇ باي ھېكايىسىنى توگىتىپ قاراقچىلارغا قاراپ:

ــ ئەي، يىگىتلەر مانا بۇ مېنىڭ يىغلاڭغۇ بولۇپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبى،ــ دەپتۇ ۋە يوغان بۇرۇنغا:ــ سەنمۇ ماڭا ئوخشاش بايلارنى بۇلاش ئۈچۈن كەلگىنىڭنى بىلىمەن. لېكىن سەن باشقىلار قىلغان ئىشنى قىلما. ھەمراھلىرىڭ ئالدىغىنىنى بۇلاپ ئېلىپ كەتتى. سەن ئانداق قىلماي ئاشكارا ئال، سەنمۇ مەندەك دەردمەن بولۇپ قالما. مېنىڭ چېكى يوق مال ـ دۇنيالىرىممۇ مەن بىلەن نىكاھلىنالماي ئۆلۈپ كەتكەن سەكەرجانىڭ (توسۇن ئېتىغا ئارتىلغان) ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىدىن كەلگەن. مەن سەكەرجاغا ئوخشىتىپ بىر نەچچە خوتۇن ئالدىم، بىراق ئۇلاردىن ئوغلۇم بولمىدى. ئاللا ماڭا بىر تاللا قىز ئاتا قىلدى. بۈگۈن مەن شۇ قىزىمنى ساڭا چاتاي، يەنە نەچچە يۈز ھەمراھلىرىڭ كېلىپ بۇلاپ كەتسىمۇ تۈگىمەيدىغان مال ـ دۇنيالىرىم سېنىڭ بولسۇن. سەن پەقەت مەن ئۆلگەندىن كېيىن ماڭا ئاتاپ دۇئا قىلىپ قويساڭلا بولدى، ـ دەپ نەسىھەت قىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابدۇشۈكۈر ئىمىنجان باھاۋۇدۇن تارىخ

تەييارلىغۇچى: ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم («ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى)

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەتمىن

# مومامنىڭ شىپالىق دورىلىرى

## ۋە مېنىڭ مومام

ئارسلان تالىپ



شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «مەدەنىيەت بوستانى» پروگراممىسىنىڭ مەلۇم بىر سانىدا ئۇيغۇر تېبابىتى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىنىپ، «ھەر بىر ئۇيغۇر ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر كېسەلگە دوختۇر» دېگەن بىر ئىبارىنى ئىشلىتىپ ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا مۇشۇ زېمىندا ياشاپ تۇرغۇچى خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ياشاش ئادىتىگە مۇجەسسەملەنگەن، ئەل ئارىسىغا كەڭ تارقالغان ئۆز - ئۆزىنى ئەملەۋېلىشىنىڭ ئاجايىپ سىرلىرىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈردى، مەن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاۋېتىپ ئۇلۇغ ئالىمىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ:

قىرىققا كىرىپمۇ مىزاج بىلمىسە،
ئۇل ھايۋان ئېرۇر گەر سۆزلىسە.

دېگەن ھېكمەتلىك ئىبارىسىنى ئەسلەپ قالدىم. توغرا، بىزنىڭ ئەقىللىق ئەجدادلىرىمىز ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مۇشۇ زېمىننىڭ ھەر خىل نېمەتلىرى بىلەنلا كېسەل داۋالاشتىن ئىبارەت ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ ئۈنۈملۈك رېتسېپلارنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنى ھەر بىر ئادەمنىڭ مىزاجىغا ماسلاشتۇرغان ھالدا كېسەل داۋالاش مەقسىتىگە يېتەلىگەن بىر مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭگو تېبابىتى، بولۇپمۇ دۇنيا مېدىتسىنىسىغا بەلگىلىك تۆھپە قوشۇپ كەلدى. بىراق، بىزنىڭ بوۋا ـ موملىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ۋە ئەڭ ئاددىي داۋالاش ئۇسۇللىرى تېخىچە تولۇق قېزىلمىغان سىرلىق ئىشلار قاتارىدا ئەل ئارىسىدا ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلمەكتە. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئاساسىي مەنبە قىلغان، ئەل ئارىسىدىكى ھېكمەتلەرنى قېزىشنى ئاساسىي نىشان قىلغان «مىراس» ژۇرنىلى بۇلتۇردىن باشلاپ كامالىدىن ھېسامىدىنوفنىڭ «مومامنىڭ شىپالىق دورىلىرى» ناملىق بۇ ھېكمەتكە باي مىراسنى تەلەپچان ژۇرنالىست ئابلىز ئورخۇننىڭ نەشرگە تەييارلىشىدا ئېلان قىلغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلدى، شۇنداقلا بۇ ژۇرنالنىڭ

كۆنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان نوپۇزىنى يەنىمۇ بىر بالداق
يۇقىرى كۆتۈردى.

مەن بىر ئۆزىنىڭ مىزاجى بىلەن قىزىقىش ـ ھەۋەس-
لىرىنى بىلگۈچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۆزۈمنىڭ كەس-
پىمگە دائىر كىتابلارنى سېتىۋالغاندىن باشقا ئۇيغۇر تېبا-
بىتىگە دائىر كىتابلارنى بولۇپمۇ، يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن
كېسەل داۋالاش، مېۋىلەر بىلەن كېسەل داۋالاش، كۆكتات-
لار بىلەن كېسەل داۋالاش دېگەندەك ئەيتاۋۇر كېسەل
داۋالىغىلى بولىدىغانلىكى نەرسىلەر بىلەن تونۇشۇش
مەقسىتىدە مۇشۇ خىلدىكى كىتابلارنىمۇ كۆپ سېتىۋال-
مەن. چۈنكى مەن ھازىرقى «ئاق سۆڭەكلەر كېسىلى»
بولمىش زىيادە سېمىزلىك، قان قويۇقلۇق، جىگەر ياغلى-
شىش، دىئابىتلارنىڭ بەزىبىر رېتسېپلىرىنى بىلگەنـدىن
سىرت باش ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى دېگەندەك ئۇششاق
كېسەللەرگىمۇ شىپالىق يەرلىك رېتسېپلارنى توپلاپ ئۇنى
سىناق قىلىپ بېقىپ، ئۇنۇمى كۆرۈلسىلا باشقىلارغا تەش-
ۋىق قىلىشنى ياقتۇرىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەن. شۇڭا
ئۇزاقتىن بېرى مۇشتەرى بولۇپ كېلىۋاتقان «مـىـراس»
ژۇرنىلى «مومامنىڭ شىپالىق دورىلىرى»نى ئېلان قىلى-
شى ھامانلا تەبىئىي ھالدا مېنىڭ دىققىتىـمـنى تـارتىـپ،
ژۇرنالنىڭ كېيىنكى سانلىرى كېلىشنى تەقەززالىق بىلەن
كۈتىدىغان بولۇپ قالدىم ھەم ئۆز نۆۋىتىدە بۇ رېتسېپلار
ئاساسىدا بىر ـ ئىككى كېسەلنىڭ (گېموررويي ۋە بۆرۈن
ياللۇغى»نىڭ) شىپالىق رېتسېپلىرى ئاساسىدا كېسەل دا-
ۋالاپ ئۇنىڭ رولىنىڭ ھەقىقەتەن ياخشىلىقىنى ھېس قى-
لىپ، ئاشۇنداق كېسەل ئازابىدا قىينىلىۋاتقان دوستلارنى
كېسەل ئازابىدىن خالاس قىلغاندىن باشقـا ئـۇلارنى بـۇ
ژۇرنالنىڭ ناھايىتى ئاكتىپ ئوقۇرمەنلىرىگە ئايلاندۇرۇپمۇ
قويدۇم. قىسقىسى «مومامنىڭ شىپالىق دورىلىرى» ھە-
قىقەتەن شىپالىق دورىلار ھەمدە ئەڭ ئاددىي داۋالاش
ئۇسۇلى بىلەن ئەڭ ئۈنۈملۈك داۋالاش مەقسىتىگە يەت-
كىلى بولىدىغان دورىلار، چۈنكى بىزنىڭ ئەقىللىق بو-
ۋا ـ مومىلىرىمىز ئۇزاق يىللىق دېھقانچىلىق، چارۋىچى-
لىق، سودىگەرچىلىكتىن ئىبارەت تۇرمۇش ئەمەلىيـىـتى
جەريانىدا ئۆزى ياشاپ تۇرغان مۇشۇ زېمىننىڭ ئۆسۈمە-
لۈكلىرى، ھەر خىل ھايۋانلىرىنىڭ ئىچكى ئەزالىرى، قاذ-
لىرى بىلەنلا كېسەل داۋالاشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى داۋا-
لاش ئۇسۇللىرىنى يەكۈنلەپ چىقىپ، ئۆز مىزاجىنى تەڭ-
شەپ ياشاشنى مىزان قىلىپ ياشاپ كەلگەن ھەمدە بۇ خىل
ئۇسۇللارنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قىلىپ قالدۇرۇپ،
ئۆز مىزاجىنى تەڭشەپ تۇرۇشتەك ساغلاملىق قىسمىنى
كېيىنكىلەر قەلبىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن. شۇڭلاشقا مەن بۇ
شىپالىق دورىلارنى ئوقۇغانسېرى مومام تۇرسۇنخاننىڭ
ۋىجىك بەستىگە يوشۇرۇنغان تېبابەت ئىلمىگە دائىر بەزى
سىرلارنى چۈشەنگەندەك بولدۇم ـ دە، كامالىدىن ھېسا-
مىدىنوفنىڭ مومىسى بىلەن مېنىڭ موماممۇ ئوتتۇرىسىدىكى
بىر مۇستەھكەم باغلىنىشنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم.

مېنىڭ موماممۇ تۇرسۇنخان قومۇل شەھىرىنىڭ چاخسا
مەھەللىسىدە ياشاپ ئۆتكەن، ئۆمرى بالا بېقىش بىلەن
ئۆتكەن كۆيۈمچان، ئىنساپلىق، ديانەتلىك، قولى شىپالىق
بىر مېھرىبان ئانا ئىدى. ئۇ 1985 ـ يىلى تۈگەپ كەتكىچە
يەسلىدە بالىلارنى بېقىش، ئۇلارنىڭ ھەر خىل ئۇششاق
كېسەللىرىنى داۋالاش بىلەن ئۆتكەنىدى. ئۇ گەرچە ھۆ-
كۈمەت تارماقلىرى ئېتىراپ قىلىدىغان بىرەر كىنىشكىسى
بار تېۋىپ ياكى ئەمچى بولمىسىمۇ لېكىن خېلى نۇرغۇن
كىشىلەر بەزى دىئاگنوز قويغىلى بولمايدىغان، لېكىن ئا-
دەمنى بەك بىئارام قىلىدىغان كېسەللەرنى مومامنىڭ قې-
شىغا ئېلىپ كېلىشەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىيلا بالىلار
كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيتتى. مومام ئەڭ ئالدى بىلەن بې-
مارنىڭ چىرايى، كۆزى، تىلى قاتارلىق جايلىرىنى ئەستا-
يىدىل كۆزەتكەندىن كېيىن ئۇنى داۋالاشقا چۈشەتتى، دا-
ۋالاشمۇ ناھايىتى ئاددىي، خۇددى كامالىدىن ھېسامىدىنوف
مومىسىدىن ئۆگىنىۋالغان داۋالاش ئۇسۇلى بىلەن كېسەل
داۋالىغاندەكلا داۋالاپ ئۇلارنى يولغا سالاتتى. مەن ئۇ
چاغلاردا مومامنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ دۇنيادا موماە-
دەك بۇنداق ھەممە ئىش قولىدىن كېلىدىغان ئادەمنىڭ
يەنە بىرەرسى بارلىقىغا كۆزۈم يەتمەي ئولتۇرۇپ كېتەت-
تىم. ئېسىمدە قېلىشىچە مومامنىڭ ئالدىدا ھەر خىل يەر-
لىك مەدەن ـ ئۆسۈملۈكلەرنى تىزىپ ئولتۇرۇپ تـومـۇر
تۇتۇپ كېسەل كۆرىدىغان تېۋىپلاردەك سەكسەن خالتىسى
بولمىسىمۇ بىر نەچچە خالتىدا سانا، يىزىخۇ، سېمىز ئوتقا
ئوخشاش يەرلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قۇرۇتۇلغان يوپۇر-
ماقلىرى بار ئىدى. موموم ئادەم مىزاجىنىڭ پەسىللەرگە
قاراپ ئۆزگىرىشى بويىچە بۇلاردىن چاي دەملەش ياكى

دورا قايىنتىش ئۇسۇلى بويىچە يا كېسەل داۋالايتتى ياكى بولمىسا مىجەز تەڭشەيتتى. موماملىڭ ماڭا دېگەن مۇنداق ئېغىز بىر سۆزى يادىمدا: «بالام، ئۆزۈڭنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتنىڭ تاش ـ تۇپراقلىرىمۇ دورا».

ئويلاپ باقسام مومام ئاساسەن ئاشۇ ئۆزىمىز دەسسەپ يۈرگەن زېمىندىكى ئۆسۈملۈكلەر بىلەنلا كېسەل داۋالاپ كەپتۇ، داۋالاش ئۇسۇللىرىمۇ بەكلا ئاددىي بولغان بىلەن ئۈنۈمى بەكلا يۇقىرى ئىدى. شۇڭا موماملىڭ قولى تەگكەن كېسەللەرنىڭ بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن ساقىيىپ قالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتۇق. موماملىڭ كۆپرەك داۋالايدىغان كېسەللىرى ئاساسەن بالىلاردىكى ئىشى ئارتىپ قېلىش، ئىچى سۈرۈش، قەۋزىيەت، تەس كېكىرىپ قېلىش، بوۋاقلارنىڭ بېشى سوقچاق بولۇپ قېلىش، يىقىلىپ چۈشكەن بالىلارنىڭ بېشىنى تېڭىش دېگەندەك كېسەللەر ئىدى. مېنى ھەممىدىن بەك جەلپ قىلىدىغىنى بالىلارنى ئاشلاش ئۇسۇلى ئىدى. بۇنىڭدا ئاساسەن ئىشى ئارتىپ قالغان ياكى ئۆرە تىنىپ قالغان بالىلار ئاشلىنىشقا ئېلىپ كېلىنەتتى (قومۇلدا بۇنداق بالىلارنى ئاش كىرىپ قاپتۇ دېيىشەتتى)، ئاشلىنىدىغان بالا موماملىڭ ئالدىدا ياكى بالىنىڭ ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ياتقۇزۇلاتتى، ئاندىن موموم بىر پىيالىگە كېپەك ياكى ئۇن ئېلىپ پىيالىنى بىر پارچە رەختكە ئوراپ پىيالىنىڭ كەينى تەرىپىدىن چىلق يۆگەپ تۇتاتتىدە «بىسمىللاھىرراھمانىرەھىم» دەپ بالىغا شىپالىق تىلىگەچ پىيالىنىڭ يۈز قىسمىنى بالىنىڭ يۈزىدىن باشلاپ تاكى پاچاقلىرىغىچە تەگكۈزۈپ ھۆرۈپ چىقاتتى. ئالاھازەل بەش مىنۇت ئەتراپىدا ئاشلىغاندىن كېيىن رەختنى ئاۋايلاپ ئاچسا خۇددى بىرسى ئويۇپ ئېلىۋالغاندەكلا ئۇن ياكى كېپەكنىڭ بىر تەرىپى ياساپ قويغاندەك ئويمانچە شەكىللىنىپ قالاتتى. موموم ئاشۇ ئويمانچىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ ئاش كىرگەن بالىنىڭ ئاش كىرىش ئەھۋالىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە ھۆكۈم قىلاتتى ـ دە، ئاشۇ ئويمانچىگە قايتا ئۇن ياكى كېپەك توشقۇزۇپ يەنە ئاشلايتتى، بۇ ئاشلاش تاكى ئاشۇ ئويمانچە پەيدا بولمىغۇچە ئىشلىنەتتى، ئاندىن موموم ئاشۇ ئۇن ياكى كېپەكنى كېسەل ئىگىسىگە بېرىپ ئۇنى ھارام مالغا يەنى ئىت ـ مۈشۈك، ئېشەك، قېچىر دېگەندەك ماللارغا يېگۈزۈۋېتىشنى بۇيرۇيتتى. ئاشلاش تۈگىگەندىن كېيىن كېسەل ئىگىسى ھەشقاللا ـ رەھمەت بىلەن چىقىپ كېتەتتى، چۈنكى موموم بۇ ئىشلارنى خالىس قىلاتتى، بىرەرسى ھەق بېرىشنىڭ گېپىنى چىقارسا خاپىلاپ كېتەتتى، شۇڭلاشقىمىكىن موماملىڭ بۇ يۇرتتا ئىناۋىتى بەك چوڭ ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە موموم بىر ئۆمۈر يەسلىدە بالا بېقىپ ئۆتكەن مېھرىبان ئانا ئىدى. ئۇنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە ئۇ ئازادلىقتىن ئىلگىرى قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئوردىسىدىمۇ بالا باققۇچى بولۇپ تۇرغانىكەن. قومۇلدىكى پېشقەدەملەرنىڭ تەرىپلىشىچە ھەرقانچە يىغلىغان بالىمۇ موماملىڭ قۇچىقىغا چىقىشى بىلەنلا يىغىسى توختاپ ئۇخلاپ قالىدىكەن. مېنىڭ بىلىشىمچە موماملىڭ قولىدا يەسلى تەربىيىسى ئالغان، چوڭ بولغاندا كادىر ياكى ئەمەلدار بولغان نۇرغۇن كىشىلەر مومامنى دائىم يوقلاپ تۇراتتى. «بىزنى كىچىكىمىزدە باققان ئانىمىز، كېسىلىمىزنى داۋالاپ ساقايتقان نىجادچىمىز، قولى يېنىك ھەم شىپالىق» دەپ تەرىپلىشىپ، موماملىڭ قوللىرىنى چىلق سىققىنىچە خۇددى ئۆزىنىڭ قىز ـ ئوغۇللىرىدەك ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ كەتسە، ياخشىلىقنىڭ مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن چۈشىنىپ، بۇ ناھايىتى تېزلا ئاخىرلىشىدىغان ئۆمۈردە كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىپ ئۆتۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەنىدىم.

موموم «ئۆزۈڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن زېمىننىڭ تاش ـ تۇپراقلىرىمۇ دورا» دېگەن چاغدا مۇنداق بىر گەپنى قىلغانىدى، «سەپەر قىلساڭ ئۆيۈڭنىڭ ئەتراپىدىن بىر ـ ئىككى تال تاش ئېلىۋېلىپ ئۇزاقراق تۇرىدىغان جايغا بارغاندا ئاشۇ تاشنى قايناقسۇغا چىلاپ بىردەم دۈملىگەندىن كېيىن ئىچىۋەتسەڭ شۇ يەرنىڭ سۈيى يەكلىمەيدۇ، بەدىنىڭگە ھەر خىل تەمرەتكە دېگەندەك بىر نەرسىلەر چىقمايدۇ، چوڭلارغىمۇ ھېچگەپ يوق، لېكىن بالىلارغا بەك ئۇۋال، ئۇلارغا چوقۇم شۇنداق قىلساڭ بولىدۇ»، مەن بۇ گەپنى ئاڭلىغىلى ئۇزاق بولغاچقا ئۇنتۇپ كېتىپتىكەنمەن، 1994 ـ يىلى ئوغلۇمنى ئېلىپ قەشقەرگە بارغاندا نەچچە كۈن ئاۋارە قىلدى، 2002 ـ يىلى ئائىلە بويىچە سەپەر قىلىش توغرا كەلگەندە مەن ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىدىن بادامدەك تاشتىن ئىككى تال ئېلىۋېلىپ قەشقەرگە چۈشكەن كۈنى تۈنجى تاماقتىن ئىلگىرى ئۇ تاشنى

بىر چىنىگە سېلىپ ئۈستىگە قايناقسۇ قۇيۇپ بەش مىنۇت دەم يېگەندىن كېيىن ئۇنى ئىككى بالىغا بۆلۈپ ئىچۈرۈۋېتىپ ئاندىن تاماق يېگۈزدۇم، دېگەندەك بىر ئايدىن ئوشۇق قىلغان سەپەردە بالىلار ھېچنېمە بولماي قايتىپ كەلدى. مانا بۇ بىزنىڭ ئەنئەنىۋى قوغدىنىش ئادەتلىرىمىزنىڭ بىرى.

جەمئىيەت تەرەققىي قىلماقتا، ئىنسانلارمۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرلىرىمۇ، ياشاش، ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرىمۇ ئۆزگەرمەكتە. شۇڭا كېسەللەرنىڭ تۈرى، خاراكتېرى، تىپلىرىمۇ خىلمۇخىللىشىپ ئاسان دورا كار قىلمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. لېكىن، مومىلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان دورىلىرىنىڭ شىپالىق رولى بارغانسېرى بىزنىڭ نەزىرىمىزدىن ساقىت بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ دورىلارنىڭ ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى بولغاچقا بەزى يېزا ـ قىشلاقلاردا يەنىلا ئۆز قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق، ئەلۋەتتە.

1990 ـ يىللارنىڭ بېشىدا بولسا كېرەك، «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايون خاراكتېرلىك بىر مۇھاكىمە يىغىنىنى قومۇلدا ئېچىپ يىغىننىڭ بىر كۈنلۈك پائالىيىتىنى گۈزەل ماكان ئاقتاش يايلىقىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ چاغدا بىزنىڭ زوردۇن سابىر، ئەخەت تۇردىغا ئوخشاش پېشىۋا يازغۇچىلىرىمىزدىن يىگىرمە نەچچىسى تەكلىپ بىلەن بۇ يىغىنغا قاتنىشىپ يىغىنىمىزنىڭ مۇھاكىمىسىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرگەنىدى. مەن ئاتاقلىق يازغۇچىمىز زوردۇنكام بىلەن بىر ياتاقتا بولغاچقا زوردۇنكامنىڭ بەزى يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلىرىنى ئۆزۈم قىلىپ، كەچلىرى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ سىرلىق يوللىرى ئۈستىدە ئەركىن ـ ئازادە ناھايىتى مەنىلىك مۇھاكىمىلەرنى قىلغانىدۇق. ئاقتاش يايلىقىغا چىقىدىغان كۈنى سەھەردە ئىككىمىز بىللە ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن مېھمانخانىنىڭ مەيدانىغا چىقىشىمىز ھامان بىزنى بىر كىچىك ماشىنىغا ئورۇنلاشتۇردى، يىغىن ئەھلى يەتتە ـ سەككىز كىچىك ماشىنا بىلەنلا مېڭىپ كەتتۇق، يېرىم سائەتتىن كېيىن كۆشۈتە ئېغىزىغا يېتىپ كەلدۇق، بۇ چاغدا مەن زوردۇنكامنىڭ قىمىرلاپ ئولتۇرالماي قالغانلىقىنى ھېس قىلدىمدە:

—زوردۇن ئاكا، جىم ئولتۇرالماي قېلىۋاتىسىز، مەجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟—دەپ سورىدىم.

—قورسىقىم تازا بىسەرەمجانغۇ قاراڭ—دېدى ئۇ قورسىقىنى سىلاپ قويۇپ—بىرەر خالىي جاي تېپىپ ماشىنىنى توختاتسىڭىزا.

داۋان بېشىغا چىققىچە زوردۇن ئاكام ئالاھازەل بەش قېتىم ماشىنىنى توختاتتى ـ دە، ئاخىر يايلاققا بېرىشتىن ۋاز كېچىپ:

—بولدى،—دېدى ئۇ چىرايى تاتارغان ھالدا،—بۇ ھالىم بىلەن بەربىر سىلەر بىلەن بىرگە ئولتۇرالمايمەن. مېنى شەھەرگە ئەكىرىۋېتىڭلار، دوختۇرنىڭ دورىسىدىن يەپ ساقىيىۋالاي.

—بۇنچىلىك ئاغرىققا شەھەرگە قايتىشنىڭ ھاجىتى يوق،—دېدىممەن قورساق ئاغرىقىغا دائىر بەزىبىر ساۋاتلاردىن خەۋىرىم بولغاچقا زوردۇن ئاكامغا قاراپ ئەشەنچلىك ھالدا،—مۇشۇ داۋاندىن ئازراق چۈشسەكلا سىزنىڭ كېسىلىڭىزگە شىپا بولىدىغان دورىنى تاپىمەن. بۇ تاغلىرىمىزدا مال باقىدىغان تاغچىلاردىن قۇرت، سۈزمە ياكى جىگدە، دادۇردەك نەرسىلەر چىقىدۇ، ئاشۇلارنىڭ قايسىسى بولسا ئىچ سۈرۈكنى بىردەمدىلا داۋالىغىلى بولىدۇ. مەن بۇ ئۇسۇللارنى مومامدىن ئاڭلىۋالغان، شۇ بويىچە ئىچ سۈرگەنلەرگە مۇشۇنى بۇيرۇپ ئۇلارنى تالاي ساقايتقان.

—ئاتە پونى،—دېدى زوردۇن ئاكام زورىغا كۈلۈپ،—غۇلجىلىقلارنى پوچى دەپ قوياتتىڭلار، مانا قومۇللۇقلار زەي سالماي ئېتىشنى ئۆگىنىپسىلەر.

—بۇ پو ئەمەس زوردۇن ئاكا،—دېدىممەن ئامال بار ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىپ،—سىزنى ساقايتىشقا ۋەدە قىلاي، ساقايتالمىسام مەنمۇ سىز بىلەن بىرگە قايتىپ كېتىمەن.

ماشىنىدىكى ئىككىيلەنمۇ مېنىڭ سۆزۈمنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلۇقىنى ئىسپاتلاشتى، ئاخىر بىز داۋاندىن چۈشۈۋېتىپ ئۇچىنچى ئايلانمىدا بىر كىگىز ئۆينى ئۇچراتتۇق، بۇ قومۇل شەھىرىگە قاراشلىق يايلاقلار بولۇپ، بۇ يايلاقلاردا تاغچىلار دەپ ئاتىلىدىغان ئۇيغۇر مالچى قېرىنداشلىرىمىز ياشايتتى. ئۇلار ئەنئەنىۋى باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولغاچقا بىر ئۆي بىلەن يەنە بىر ئۆينىڭ ئارىسىغا بىرەر سائەتلىك يول بار بولاتتى، بىز

ماشىنىنى يول بويىدا توختىتىپ ئاشۇ ئۆيگە ماڭدۇق، سەزگۈر ئىت بىز كەلمەستىنلا قاۋىغىلى تۇردى. بەستلىك كەلگەن، يۈزلىرىدىن تاغچىلارغا خاس بىر خىل قىزىللىق تەپچىپ تۇرغان، ئاق خالتا كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىگە قارا پەرىجە كىيىپ، بېلىنى رەڭگى ئۆچكەن مايسىرەڭ بەلباغدا باغلاپ، ئۇنىڭغا مۆڭگۈز ساپلىق پىچاق ئېسىۋالغان، 60 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بىر ئاقساقال ئادەم كىگىز ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ چىقىپ كەلدى. سالىمىمىزغا قىزغىن جاۋاب قايتۇرغان بۇ ئادەم تېخىچە بىز تەرەپكە ئېتىلىپ زەنجىرنى ئۈزۈۋەتكۇدەك قاۋاپ تۇرغان ئىتىغا ۋارقىراپ ئۇنىڭ زۇۋانىنى ئۆچۈرگەندىن كېيىن بىزنى ئۆيگە باشلىدى. پاكىز سەرەمجانلانغان ئۆينىڭ تۆرىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ قىلىنغان دۇئادىن كېيىن مەن ئاۋۋال ئۆزىمىزنى، ئاندىن كېلىش مەقسىتىمىزنى ئېيتتىم. ئۇ ئادەم زوردۇن ئاكامنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئەسلىدە ئۇ ئادەمنىڭ قىزى زوردۇن ئاكامغا ئەڭ چوقۇنىدىغان ئىخلاسمەن ئوقۇرمەنلەردىن ئىكەن. ئۇ ئادەم قىزى بىلەن ئايالىنى ئىتتىك بولۇشقا ئۈندىگەچ داستىخان تەييارلىدى، ئەلۋەتتە زوردۇنكامنىڭ كېسىلىگە شىپالىق دورا تەييارلاشنى ئۇنتۇمىدى. ئۇ چاي ئەكەلگەندە زوردۇن ئاكامغا چوڭ بىر چىنىدە چاي تەييارلاپ ئۇنىڭ ئۈستىنى تەخسە بىلەن يېپىپ قويۇپ قويدى.

—مانا بۇ ئۆزلىرىنىڭ دورىلىرى يازغۇچى ئەپەندىم،—دېدى ئۇ ئادەم چاينى تەكەللۇپ بىلەن قويۇۋېتىپ،—بۇنى بەش مىنۇتتىن كېيىن ئىچىلا. يېرىم سائەتتە سەللىمازا ساقىيىلا.

—شۇنداق چاققانما،—دېدى زوردۇن ئاكام ئىشەنمىگەندەك قىلىپ ئۇ ئادەمگە قاراپ،—دوختۇرنىڭ دورىسىمۇ مۇنداق تېز تەسىر قىلمايدىغان تۇرسا.

—بىز تاغچىلار ئاغرىپ قالساق دوختۇرغا ئانچە بېرىپ كەتمەيمىز،—دېدى ئۇ ئادەم ساقىلىنى سىيپاپ ئولتۇرۇپ،—مۇنداق ئۇششاق كېسەللەرنى مۇشۇ تاغ ـ تېمىزنىڭ ئوت ـ چۆپلىرى بىلەنلا داۋالاپ ساقايتىۋالىمىز.

زوردۇن ئاكام ئۇ ئادەمنىڭ زورى بىلەن ھەر خىل ئوت ـ چۆپلەرنىڭ پۇرىقى گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇۋاتقان بۇ دەملەنگەن چاينى ئىچىۋەتتى، ئاڭغىچە ھېلىقى ئادەم بىر قىر قىلمىغان قارا ئوغلاقنى ئىشىك يېنىغا ئەكېلىپ زوردۇن ئاكامغا دۇئا قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالدى.

—بىزنى ئاقتاش يايلىقىدا نۇرغۇن ئادەم ساقلاۋاتىدۇ، ماڭمىساق بولمايدۇ،—دېيىشتۇق بىز ئۇ ئادەمگە رەھمىتىمىزنى بىلدۈرگەچ.

—ھازىر بىزنىڭ ماۋۇ داڭلىق يازغۇچىمىزنىڭ قورساق ئاغرىقىنى ساقايتىش مۇھىم ئىش،—دېدى ئۇ ئادەم جاھىللىق قىلىپ،—مەن بۇ يازغۇچىمىزنى ئوبدان ساقايتىپ ئاندىن يولغا سالمىسام كۆڭلۈم ئارام تاپمايدۇ، ئوغلاق گۆشى دېگەن بىر ئۆرلىسىلا پىشىدۇ، ئاڭغىچە قورساق ئاغرىقىنىڭ ساقايغان ـ ساقايمىغىنىغا ھۆكۈم قىلىدىغان گەپ.

ئامالسىز زوردۇن ئاكامنىڭ دۇئاسى بىلەن ئوغلاق سويۇلۇپ قازانغا سېلىندى. دېگەندەك يېرىم سائەتتىلا زوردۇن ئاكامنىڭ قورسىقىنىڭ غۇلدۇرلاشلىرى، تولغاپ ئاغرىشلىرى ساقىيىپ چىرايىغا قان يۈگۈرۈشكە باشلىدى. شۇڭا ئۇ قورقماي ئولتۇرۇپ يۇمشاق پىشقان ئوغلاق گۆشىدىن يەۋالدى، ئاڭغىچە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىسى توختىخان بىزنى ئىزدەپ يېتىپ كەلدى. بىز ئۇششاق ـ چۈششەك كېسەل بولۇپ قالسا دوختۇرغا كۆرۈنمەيلا ئۆز ئۆينىڭ ئەتراپىدا ئۆسكەن ئوت ـ چۆپلەر بىلەنلا ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ داۋالاپ ساقايتالايدىغان بۇ خىسلەتلىك ئادەمگە رەھمەتنى نەچچە قايتىلاپ ئېيتىپ مېڭىپ كەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ پارىڭىمىز بىردەمدىلا ئىچ سۈرۈكنى توختىتىۋەتكەن ھېلىقى ئوت ـ چۆپلەر ئۈستىگە مەركەزلىشىپ ئەنئەنىۋى داۋالاش ئۇسۇللىرىنىڭ ئەۋزەللىكلىرى بىلەن ئۇنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ساھەسىدە ئوينىغان رولى ئۈستىدە بولدى.

يىغىپ ئېيتقاندا بىزنىڭ ئەقىللىق ئەجدادلىرىمىز بىزگە ئەنە شۇنداق ئاددىي، ئەمما ئۈنۈمى تېز بولغان ئاشۇنداق ئەنئەنىۋى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇلارنى تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىش ھازىرقى ئۆزىمىزنىڭ مىزاجىنى بىلىپ ياشىغۇچىلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى. مەن ئاخىرىدا ئەنە شۇنداق ئەنئەنىۋى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى ئوقۇرمەنلەر ھۇزۇرىغا سۇنۇپ خەلققە كىچىككىنە بولسىمۇ ئەمەلىي نەپ بېرىۋاتقان «مىراس» ژۇرنىلىغا ۋە بۇ شىپالىق رېتسېپلارنى نەشرگە تەييارلاۋاتقان ئىجتىھاتلىق ئەدىب ئابلىز ئورخۇنغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

(ئاپتور: قاراماي شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىدە)

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن



# ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە ئۇنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى

ئابلىمىت مۇھەممەدى ئاقيولى

تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر بىر شەيئىنىڭ ئۆز ئالدىغا مەخسۇس نام ـ ئاتاقلىرى بولغاندەك ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ھەر بىر شەخسنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئىسىملىرى بولىدۇ. بۇ، ئىجتىمائىيەتتىكى ئالاقە جەريانىدا كونكرېت كىشىلەرنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى. شۇنداقلا، ئۇ ئىجتىمائىيەتتىكى مۇقەررەر مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر. ئەرەب تارىخچىسى جۇۋەينى: «مەن نامغا موھتاج. چۈنكى، جىسمىم ھامان ئۆلىدۇ» دەپ قەيت قىلغانىدى. دېمەك، كىشى ئىسىملىرى بىر مەۋھۇم شەكلەن رەسمىيەت ئەمەس، بەلكى شۇ كىشىنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرى. يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەھلىل يۈرگۈزسەك، كىشى ئىسمى شۇ كىشىنىڭ ئوبرازىغا مۇناسىۋەتلىك ئامىللاردىن بولۇپ، جايىدا قويۇلغان ياخشى ئىسىملار بىلەن شۇ كىشىنىڭ ئوبرازى گەۋدىلىنىدۇ، نام ـ ئاتىقى تارقىلىدۇ. ياخشى ئىسىملار فامىلىگە ئايلىنىپ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىدۇ.

ئىسىم قويۇش ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىلا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك پەيدا بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر مۇرەككەپلىشىشكە باشلىغان، ئۇرۇق ـ جەمەتلەر ئارا ئات ـ ئۇچۇر پەرقى ئېنىق بولۇش، شەخسلەرنىڭ ئىسىم ـ ئاتاقلىرى روشەن بولۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇپ، ئىسىم قويۇش مۇھىم ئىشقا ئايلىنىشقا باشلىغان. ئەينى زامانلاردا ھەر ئائىلە، ھەر بىر شەخس ئۆز ئالدىغا خالىغانچە ئىسىم قويۇۋالماستىن، بەلكى، ئۇ ئۇرۇق ـ جەمەتلەر كېڭىشى ئارقىلىق مەخسۇس بېكىتىلگەن. بولۇپمۇ، ئوغۇل پەرزەنتلەرگە ئىسىم قويۇش، مۇئەييەن شەرت، تېگىشلىك رەسمىيەتلەر ئارقىلىق خېلى زور داغدۇغىلار بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىلا شەكىللەنگەن ئاشۇ شەرت، رەسمىيەتلەرنىڭ بەزى ئالامەتلىرى بۈگۈنكى دەۋرىدىمۇ تېگىشلىك قائىدە ـ رەسمىيەتلەر قاتارىدا داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بەلكى ئۇ يېڭىچە تۈس، بېيىتىلغان ئىپادىلىرى بىلەن قوللىنىلماقتا.

ئۇيغۇر مىللىتى دۇنيادىكى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بىر قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئىسىم قويۇشقا ئەزەلدىن ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن ۋە

ئۇنى قىممەتلىك ئەنئەنە سۈپىتىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۈزمەي داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. بەلكى ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ياشاش مۇھىتى، مىللىي ئېڭى ۋە مىللىي مەدەنىيەت خاسلىقى يۈكسەكلىكىدە ئىجادىي قوللانغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسى مەزمۇنلىرىدا مۇنداق بىر يۈرۈش قانۇنىيەتلىك مىزان بار: ساغلام پەرزەنت كۆرۈش، پەرزەنتلەرگە باب ۋە چىرايلىق ئىسىم قويۇش، پەرزەنتلىرىنى ساغلام، ئەقىللىق، ئەدەپلىك ۋە يارامىلىق قىلىپ تەربىيىلەش، پەرزەنتلىرىنى ياخشى بىلىم ساپاسىغا ۋە كەلگۈسىدە ئەسقاتىدىغان بىر ياكى بىر قانچە ھۈنەرلىك قىلىش، ئوغۇل ـ قىزلىرىنى ياخشى ئائىلىنىڭ يارامىلىق پەرزەنتلىرى بىلەن ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلىش، پەرزەنتلىرىنىڭ خاتىرجەم، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ۋە پەرزەنتلىرىنى يارامىلىق قىلىپ قاتارغا قوشۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەم ياردەم بېرىش ... بۇلاردىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇيغۇرلار ئۆز پەرزەنتلىرىگە مۇۋاپىق ياخشى ئىسىم قويۇشنى كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى مۇھىم ئىشلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا قويغان.

ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان بىر قانچە قېتىملىق زور تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن ۋە بۇ جەريانلاردا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شامان دىنى، مانى دىنى، زوروئاستېر دىنى، بۇددا دىنى ... قاتارلىق كۆپ خىل دىنلارنى قوبۇل قىلغان، ئاخىرىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. مانا شۇنداق قەدىمىي، مۇرەككەپ، كۆپ قاتلاملىق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ئىسىم قويۇش ئادەتلىرىمۇ دىنىي ئەقىدە ۋە دەۋر ئۆزگىرىشلىرىگە ماس ھالدا ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ ماڭغان. بۇلار ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ كۆپ خىل، مۇرەككەپ، چوڭقۇر مەنىلىك، تەكرار، سىمۋوللۇق، قاراتمىلىق بولۇشىنى بەلگىلىگەن.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە، ئۇيغۇرلار پەقەت ئۆزلىرىگە خاس ئىسىملارنىلا قوللانغان. ئەڭ دەسلەپكى ئىسىملار ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ۋە تۇتىم ئادەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئەڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئوۋچىلىق بولۇپ، ئادەملەر ئوزۇق ـ تۈلۈك، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئۆزلىرى ئوۋلىغان ياۋايى ھايۋانلاردىن ئالغان. شۇڭا، ئۆزلىرىگە مەنسۇپ ئاتا قىلغان ھايۋانلارنى ئۇلۇغلاپ، پەرزەنتلىرىگە پىل، قاپلان، ئېيىق، بۆرە، يولۋاس، بۈركۈت ... قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ناملىرىنى ئىسىم قىلىپ قويغان. كېيىنچە، ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلى تېخىمۇ كېڭىيىپ، كۆپىيىپ ۋە ئىلغارلىشىپ، تەبىئەت بىلەن ئۇچرىشىش دائىرىسى كېڭەيگەن. شۇنىڭغا مۇناسىپ تاغ، ئاسمان، كۈن، ئاي، يۇلتۇز، چاقماق، دېڭىز دەيدىغان ئىسىملار، كېيىنچە، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىق ... كە ئائىت ئىسىملارمۇ بارلىققا كەلگەن.

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرى كەڭ ۋە چوڭقۇر بولغان. بولۇپمۇ دىنىي ئېتىقاد كىشى ئىسىملىرىدا بىۋاستە ۋە كۈچلۈك ئەكس ئەتكەن. بۇددا دىنى ھۆكۈمران چاغلاردا «ئاچارى» (ھەزرەت، تەقسىر)، «ئاچىنا» (ئاسماندىكى مۇزىكانت)، «راتنا» (ئۈنچە، گۆھەر) دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملار كەڭ قوللىنىلغان بولسا، ئىسلام دىنى ئومۇملاشقاندىن كېيىن، ئىلگىرىكى ئىسىملارنىڭ ئورنىنى ئەرەبچە، پارسچە، ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ ئەقىدىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىسىملار ئىگىلەپ، ئىسلام دىنىغا بولغان كۈچلۈك ئېتىقادنىڭ ۋاستىسى ۋە بەلگىلىرىدىن بولۇپ قالغان. قاراخانىلار دەۋرىدە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئەڭ بالدۇر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىللە ئۆز ئىخلاسىنى بىلدۈرۈپ ئىسمىنى «ئابدۇكەرىم» (سېخىي ئاللانىڭ بەندىسى) دېگەن ئەرەبچە ئىسىمغا ئۆزگەرتكەن ۋە خانلىق دائىرىسىدە ئەرەبچە، پارسچە ئىسىم قويۇشنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلىنغان ھەم ئومۇملاشتۇرۇلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ كېيىنكى مىڭ نەچچە يۈز يىللارغىچە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەرەبچە، پارسچە ئىسىملار ۋە دىنىي تۈسكە ئىگە ئىسىملار مۇھىم سالماقنى ئىگىلەپ، تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئۇلاشتى.

ئەرەبچە، پارسچە كىشى ئىسىملىرىدىن باشقا، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تەركىبىدە يەنە ئىبرانىچە ئىسىملارمۇ، ياۋروپا ئەللىرىدىكى بەزى مىللەتلەرنىڭ كىشى ئىسىملىرىمۇ مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. بۇنداق ئىسىملار ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ مۇئەييەن دەرىجىدە ئەبجەشلىشىش ۋە تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىشنى شەكىللەندۈرگەن.

يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان ئىجتىمائىيىتىدە يۈز بەرگەن كۆپ قېتىملىق زور ئۆزگىرىشلەر ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا يېڭى بۇرۇلۇشلارنى پەيدا قىلىپ، ئەسلىدىكى ئەرەبچە، پارسچە ۋە ئۇيغۇرچە ئەنئەنىۋى ئىسىملار ئاساسىدا، شۇنداقلا تامامەن يېڭى مەنا، يېڭى قۇرۇلمىلارغا ئىگە كۆپلىگەن ئىخچام ئىسىملارنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ ئىسىملار گۈزەل، چوڭقۇر مەنىلىك، ئېنىق، قوللىنىشقا قۇلاي بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تېز ۋە كەڭ ئومۇملاشماقتا.

قىسقىسى، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ھەم خاسلىقتا، ھەم ئىجتىمائىيلىقتا، ھەم جانلىقلىقتا ئىگە بولۇپ، ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخى، مەدەنىيىتى، پسىخىك خاراكتېرى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ يېڭى دەۋردىكى تەرەققىيات ئېھتىياجى ۋە ئىستېمال ئېھتىياجىغا قاراپ يەنە داۋاملىق تەرەققىي قىلىدۇ، يېڭىلىنىدۇ، تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخى ئۇزاق، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، قۇرۇلمىسى ئۆزگىچە، تۈر ۋە تەركىبلىرى كۆپ خىل، مەنىسى چوڭقۇر بولۇپ، ئالاھىدە پايدىلىنىش قىممىتىگە ۋە تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. تەرەققىيات مۇساپىسى، ئۆزگىرىش جەريانلىرى ۋە مىللىي خاسلىق نۇقتىسىدىن ئۇنى تۆۋەندىكىدەك كونكرېت تۈرلەرگە ئايرىش مۇمكىن:

**1. ئىپتىدائىي ئېتىقاد بويىچە قويۇلغان ئەنئەنىۋى ئىسىملار**

ئۇيغۇرلار قوللانغان ئەڭ دەسلەپكى ئىسىملار ئۇلارنىڭ تەبىئەت بىلەن، ئىشلەپچىقىرىش شەكىللىرى ۋە تۇتېم ئادەتلىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان. «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا ئوغۇزخاننىڭ ئالدىنقى خوتۇنىدىن بولغان ئۈچ ئوغلىغا كۈن، ئاي، يۇلتۇز دەپ، كېيىنكى خوتۇنىدىن بولغان ئۈچ ئوغلىغا ئاسمان، تاغ، دېڭىز دەپ ئىسىم قويغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. «ئۇرخۇن - يېنىسەي يادىكارلىقلىرى»دا «كۆلتېگىن (ئەقلى كۆلدە شاھزادە)، «بىلگە قاغان» (بىلىملىك خان)، «قۇتلۇق بىلگە قاغان» (بەختلىك دانىشمەن خان) دېيىدىغان كىشى ئىسىملىرى بار. بۇلار پەقەت ئۇيغۇرلارغىلا خاس بولغان ساپ ئىسىملار بولۇپ، قىممەتلىك نەمۇنە قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

**2. ئاسمان جىسىملىرى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى ناملىرى بىلەن قويۇلغان ئىسىملار**

زامانى ئاۋۋالدىن تارتىپ تا بۈگەنگىچە تەبىئەت قوينىدا ياشاپ، تەبىئەتنىڭ نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ ۋە تۈرلۈك تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن كۆرەش قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرى ئۇلۇغلىغان، چوقۇنغان، توتېم قىلغان ۋە بەھىر ئالغان ئاشۇ مۆجىزىكار شەيئىلەرنىڭ نامىنى ئەۋلادلىرىغا ئىسىم قىلىپ قويۇپ، ئۇنى دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزگەن. مەسىلەن: كۈن (كۈنخان، كۈنتۇغدى)، قۇياش، ئاي (ئايگۈزەل، ئايتولۇن، ئاينىسا، ئاينۇر)، چاقماق (چاقماقجان)، يۇلتۇز، چولپان (چولپانخان)، نۇر (نۇرخان، نۇرگۈل، نۇرنىسا)، ئەختەر (ئەختەرنىسا)، شەمشى (شەمشىنۇر، شەمشىقەمەر)، قەمەر (قەمەرنىسا، قەمەرخان)، ساباھ (ساباھىدىن)، ئىقلىم (ئىقلىمپاشا، ئىقلىمخان).

**3. ئەمگەك سايمانلىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى نامى بىلەن قويۇلغان ئىسىملار**

ئۇيغۇر خەلقى مېھنەتخۇمار، جاپا - مۇشەققەتكە چىدامىلىق، كىشىلىك ھاياتقا ۋە تۇرمۇشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان، ئەقىل - پاراستى ۋە غەيرەت - شىجائىتى بىلەن تۈرلۈك ئاپەتلەر بىلەن ئېلىشىپ، گۈزەل مۆھتەشەم، ئەۋزەل شارائىت ياراتقان ۋە ئېسىل نېمەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ كىشى ئىسىملىرىدا ئەمگەك سايمانلىرى نامى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى نامى خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: پالتا (پالتاخۇن)، سۈپۈرگە (سۈپۈرگە باي)، چورۇق (چورۇقئاخۇن)، بوسۇغا (بوسۇغا باي)، چىنە (چىنىخان)، گۈرجەك (گۈرجەكقارى)، توقا (توقاباي، توقىلەم)، سائەت (سائەتخان)، خاتىرە (خاتىرەم)، سۇپۇرا (سۇپىرىخان)، قەلەم (قەلەمئاخۇن، قەلەمخان)، قۇتا (قۇتباي، قۇتىخان، قۇتىدار)، سۈرەت (سۈرەتگۈل)....

**4. ھايۋانات ۋە قۇشلار نامى بىلەن قويۇلغان ئىسىملار**

ئۇيغۇرلار تىرىكچىلىك داۋامىدا ئوۋچىلىق، تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، تەبىئەتنىڭ ئەۋزەل نېمەتلىرى بىلەن كۆپ ئۇچراشقان، ئۇلاردىن خۇۋلۇق كۆرگەن، ئۇلارنى قولغا ئۆگىتىپ

ئۇلاردىن پايدىلانغان ... ئۆز تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بۇ شەيئىلەر بارا ـ بارا ئۇلارنىڭ كىشى ئىسىملىرىغا ئايلىنىپ ئۆز تۇرمۇشىنىڭ زادىلا ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. مەسىلەن: يولۋاس (يولۋاسئاخۇن، يولۋاسخان)، شىر (شىرخان، شىرزات)، ئارسلان، قۇلان، شۇڭقار، بۈركۈت، بۇلبۇل (بۇلبۇلجان)، تورۇقساي، بوتا (ئاقبوتا، بوتا قىز، بوتا كۆز)، قۇندۇز، پاقلام، بېلىق (گۈلبېلىق)، ئۆردەك (ئۆردەكباي)، تورغاي، سەمەندەر، پەرۋانە، توتى (تۇتىگۈل)، سۇمۇرغ، سۆسەر، ئەركەچ، قوزا (قوزىباي)...

**5. دەل ـ دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈك نامى بىلەن قويۇلغان ئىسىملار**

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى كۆپىنچە بىپايان دەشتلەرگە تۇتاش ئۇزۇك ـ ئۇزۇك بوستانلىقلاردا ئۆتكەن. ئۇلار ئورمان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشى دوستلىرى ئىكەنلىكىنى، خۇۋلۇقى تۈگىمەس گۆھەر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ نامىنى ئەۋلادلىرىغا ئىسىم قىلىپ قويۇپ، تەبىئەتنى سۆيۈش، ئورمان ئەھيا قىلىش، دەل ـ دەرەخلەرنى ئاسراپ، تەبىئىي مۇھىتنى قوغداشتەك ئېسىل ئەنئەنىنى مىراس قالدۇرغان. مەسىلەن: چىنار (چىنارخان)، شەمشاد، يۇلغۇن، توغراق، يانتاق، زەيتۇن (زەيتۇنەم)، ياسمەن، سۇۋادان، ئامۇت.

**6. مەدەن ۋە مېتاللار نامى بىلەن قويۇلغان ئىسىملار**

ئۇيغۇرلار خېلى بۇرۇنلا تاش قوراللار ۋە مېتال قوراللار بىلەن ئوۋچىلىق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. مېتال قوراللار بىلەن ئۆز يۇرتىنى ياۋلاردىن قوغدىغان، كان ئېچىپ، مېتال تاۋلاپ مەھسۇلاتلىرىنى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن ئايرىۋاشلىغان. ئۇلارنىڭ نامىنىمۇ ئەۋلادلىرىغا ئىسىم قىلىپ قوللانغان. مەسىلەن: تاش (تاشباي، تاشگۈل)، تۆمۈر، پولات، تاشپولات، گۆھەر (گۆھەرنىسا)، تاشتۆمۈر، ئۇران، ئالتۇن، كۈمۈش ...

**7. كۆكتات ۋە گۈل ـ گىياھ ناملىرى بىلەن قويۇلغان ئىسىملار**

ئۇيغۇرلار ئۇزاق يىللىق ناچار تەبىئىي شارائىت ئاستىدىكى جاپالىق تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرىدە، تەبىئەتنىڭ ئەۋزەللىكلىرىدىن ئىمكانقەدەر تولۇق پايدىلىنىپ، ياشاش مۇھىتىنى تىرىشىپ ئۆزگەرتىش ئۈستىدە كۆپ ئىزدەنگەن، كۈرەش قىلغان. مۆجىزە خاراكتېرلىك مەئىشەتلەرنى يارىتىپ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ مۆجىزىلەر ئەۋلادلىرىغا ئىسىم قىلىپ قويۇلۇپ، ئابىدىگە ئايلانغان. مەسىلەن: سامساق (سامساقئاخۇن، سامساقگۈل)، تۇرۇپ (تۇرۇپئاخۇن، تۇرۇپخان)، پىياز (پىيازگۈل)، مايسا (مايسىخان، مايسىگۈل)، رەيھان (رەيھانەم)، مېرزىگۈل، گۈلسۇرۇخ، مۇدەن (مۇدەنخان، مۇدەنگۈل)، غۇنچە (غۇنچەم)، لەيلى (لەيلىگۈل لەيلىقازاق) نېلۇپەر، لالى (لالىگۈل)، چوغلۇق، چىمەن (چىمەنخان)، تاجىگۈل.

**8. مېۋە ۋە مېۋىلىك دەرەخ نامى بىلەن قويۇلغان ئىسىملار:**

ئۇيغۇر خەلقى چۆلنى بوستان قىلىپ، باياۋاندا باغ ئەھيا قىلىش بىلەن تونۇلغان مىللەت. ئۇلار قەيەرگە بارسا شۇ يەر باغ ـ ۋارانغا ئايلىنىپ نېمەت تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر ئېلى دۇنيادا «مېۋە ـ چېۋە ماكانى» دەپمۇ تەرىپلىنىپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ كاتتا تۆھپىسىمۇ كىشى ئىسىملىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن: ئانار (ئانارخان، ئانارگۈل)، ئالما (ئالمىخان)، بادام (بادامگۈل)، جىنەستە (جىنەستىخان)، چىلان (چىلانخان)، ئامۇت (ئامۇتتۇم، ئامۇتەك)، ئالبىرات، نەشپۈت (نەشپۈتۇم)، يېمىش (يېمىشخان).

**9. دورا ماتېرىياللىرى ۋە خۇشبۇي ماتېرىياللار نامى بىلەن قويۇلغان ئىسىملار**

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇ ھېلىھەم ئېلىمىزنىڭ تېببىي ساقلىقنى ـ ساقلاش ساھەسىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئەجدادلىرىمىز سېخىي تەبىئەتتىكى دورىلىق ماتېرىياللارنى بايقاپ، تەتقىق قىلىپ، ئۇنى ئاغرىقلارنى ئازابتىن، ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرىدىغان تۇتىياغا ئايلاندۇرغان ھەمدە ئۇلارنى ئەۋلادلىرىغا ئىسىم قىلىپ قوللانغان: مەسىلەن: ئىپار (ئىپارگۈل)، ئەنبەر (ئەنبەرگۈل)، گۈلنەپشە، زىرە (گۈلزىرە)،

سۇمبۇل، بىدىيان (بىدىيان خېنىم).

**10. رەڭ ـ بوياقلار نامى بىلەن قويۇلغان ئىسىملار**

ئۇيغۇرلار ھەر خىل رەڭلەردىن ئۆزگىچە ئېستېتىك زوق ئېلىپلا قالماستىن، رەڭلەردىكى كىشىگە بېرىدىغان ئوخشاشمىغان تۇيغۇ ـ تەسىرلەر بىلەن ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدىكى تۇرلۇك پائالىيەت ۋە چۈشەنچىلىرىگە زىچ بىرلەشتۇرۇپ، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ بېشارىتى سۈپىتىدە قوللىنىپ كەلگەن. بولۇپمۇ ئاق، كۆك، قىزىل، سېرىق رەڭلەر ئۇيغۇرلارنىڭ پىسخىك پائالىيىتى ۋە دىني ئەقىدىلىرىگە زىچ ماسلاشقان ھالدا، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە بىر قەدەر گەۋدىلىك رول ئوينىغان، شۇ تۇپەيلىدىن ئۇ ئادەم ئىسىملىرىغىچە ئۆزلەشكەن. مەسىلەن: ئاقخان، ئاپئاق (ئاپئاققىز، ئاقئاخۇن، ئاقىۋل، ئاقپاشا، ئاقنىياز، ئاقئايىم)، سېرىق (سېرىقبەگ، سېرىقئاخۇن)، قاراخان، قارائايىم، كۆكنۇر باي، بىنەپشەخان، فرۇزە.

**11. ۋاقىت ۋە پەسىل نامىلىرى بىلەن قويۇلغان ئىسىملار**

ئۇيغۇرلار ئەمگەك سۆيەر، پائالىيەتچان خەلق بولغاچقا، ۋاقىتنىڭ قىممىتى بىلەن ھايات، بەختنىڭ قىممىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. شۇڭا ئۇيغۇرلاردا «ۋاقىتلىك كەتتى ـ بەختلىك كەتتى»، «يىلنىڭ ئىشى باھاردىن، كۈننىڭ ئىشى سەھەردىن» دەيدىغان ئەھمىيەتلىك ماقال ـ تەمسىللەر بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام دىني ئەقىدە ـ قائىدىلىرى بويىچە قاتتىق تەكشىلىنىدىغان ۋاقىت، كۈن ۋە پەسىللەرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقەددەس ھېسابلايدىغان مەزمۇنلار قاتارىغا قويۇلغان. شۇڭا، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا ۋاقىتقا ئالاقىدار ئىسىملارمۇ خېلى كۆپ، مەسىلەن: باھار (باھارگۇل)، جۈمە (جۈمەخۇن، جۈمەخان)، ئازنا (ئازنەك، ئازنىخان، ئازنىباقى)، نەۋرۇز، شەنبە (شەنبىئاخۇن)، سۈبھى (سۈبھىنۇر)، تاڭنۇر، زامان (زامانىدىن)، رامزان، ئەسىر، سۈرئەت، ئېرا.

**12. جاۋاھىراتلار ۋە ئەتىۋارلىق بۇيۇملار نامىلىرى بىلەن قويۇلغان ئىسىملار**

ئۇيغۇرلار قىممەت باھا جاۋاھىراتلارنى ۋە ئەتىۋارلىق نەپىس بۇيۇملارنى تولىمۇ ئەتىۋارلايدۇ. ھال ـ كۈنى ياخشىراقلىرى جاۋاھىراتلار ۋە نەپىس بۇيۇملاردىن خوتۇن ـ قىزلىرىغا ئېسىل ئۇستىۋاش ۋە چىرايلىق بېزەكلەرنى ياستىپ بېرىدۇ. تويلۇق ۋە مۇھىم ئالاقىلەردە كەم بولسا بولمايدىغان يارىشىق ۋە سوۋغات قىلىپ ئىشلىتىدۇ. جاۋاھىرات ۋە نەپىس ماللار سودىسى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە كەسىپ دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىغىمۇ ئۆزلىشىپ كەتكەن. مەسىلەن: ئالماس (ئالماسباي، ئالماسخان)، ئالتۇن (ئالتۇنجان، ئالتۇنگۇل)، كۈمۈش (كۈمۈشبۇۋى، كۈمۈشئاي)، ئۈنچە، ھېقىق، مارجان (مارجانبۇۋى، مارجانگۇل)، لەئىل (لەئىلخان، لەئىلگۇل)، مەرۋايىت، ياقۇت (ياقۇتنىسا) ياقۇتخان)، گۆھەر (گۆھەرىيە، گۆھەرنىسا)، تاۋار، مەشۇت (مەشۇتخان)، تىللا (تىللاقىز، تىللاخان)، زۇمرەت.

**13. ئەسكىرىي ئاتالغۇلار ۋە قورال ـ ياراغلار نامىلىرى بىلەن قويۇلغان ئىسىملار:**

تارىختا، ئۇيغۇرلار سانسىز جەڭ ـ يېغىلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، قان تۆكۈپ ئۆز ئېلىنى قوغدىغان، قۇدرەتلىك خانلىقلارنى قۇرغان. شۇ ئۇچەمس تارىخنىڭ يالدامىلىرى سۈپىتىدە ئەۋلادلىرىغا ئەسكىرىي ئاتالغۇ ۋە قورال ـ ياراغ نامىلىرىنى ئىسىم قىلىپ قالدۇرغان. مەسىلەن: ئارمىيە، قىلىچ (قىلىچبەگ)، شەمشەر، زۇلپىقار، ئەلەم، تۇغ (تۇغلۇق)، خەنجەر (خەنجەر باي)، غازى، مۇزەپپەر، مۇجاھىد، قۇر بېشى، ساداق، ساللات، پاراد.

**14 دىني ئاتالغۇلار بىلەن قويۇلغان ئىسىملار:**

ئۇيغۇرلار تارىختا كۆپ خىل دىنلارنى قوبۇل قىلىش داۋامىدا، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا بولغان ئىخلاسى، ھۆرمىتى ۋە ئېتىقادىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن پەرزەنتلىرىگە دىني تۈس ئالغان ئىسىملارنى قويغان. بۇ ئەنئەنە تاكى مۇشۇ كەمگىچە داۋاملاشماقتا. مەسىلەن: ئىسلام (ئىسلامجان، ئىسلامخان)، ئاخۇن (ئاخۇنەك، ئاخۇنجان)، قۇشناچ، خىزىر، پەرىزات، پەرىشتە، جەننەت، ئىمام، مەزىن، ھاجى (ھاجىئاخۇن، ھاجىخان، ھاجىگۇل، ھاجىنىسا)، خاتىپ، قارىي (قارىئاخۇن، قارىخان)، ھېيت، ئايەت (ئايەتگۇل) ئايەم، موللا (موللاخۇن، موللىخان)، ئىمان (ئىمانىخان، ئىمانەم).

ئىبادەت، خۇدىيوم، خۇشبىدىن، رىزۋان، مۇتىۋەللى، مەستۇرە، شۈكۈر (شۈكۈرئاخۇن، شۈكۈرخان).

**15. يەر ـ جاي نامىلىرى بىلەن قويۇلغان ئىسىملار**

ئۇيغۇرلار تارىختا قانچە ـ قانچە قېتىملاپ كۆچمەنلىك، يۇرت ـ ماكانلىرىدىن ئايرىلىشنىڭ ئەلەملىرىنى تارتقان. كۈرمىڭ ئەجىر ـ مۇشەققەتلەر بىلەن ئۆز ماكانلىرىنى ئاچقان، گۈللەندۈرگەن، قوغدىغان. ۋەتەنپەرۋەرلىك، يۇرت ئىشقى ئۇلارنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭگەن. ئۇنتۇلغۇسىز كەچمىشلەر ئۇلارغا ۋەتەن مۇھەببىتى، ئانا يۇرت قەدرىنى ئەۋلادلىرى قەلبىگە نەقىشلەشنى ئۆگەتكەن. شۇڭا، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە: زېمىن (زېمىنجان، زېمىنخان)، دۆلەت (دۆلەتباي، دۆلەتخان)، دىيار (دىيارخان، دىيارباي)، پامىر، سەيدەم (سەيدەمخان)، بوغدا، تارىم، مەكىت، قەشقەرى، يەركەندى، كۇسەن ... دېگەن ئىسىملار بار. يەنە ئىسلام دىنىدا ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنغان مەككە (مەككىخان)، مەدىنە (مەدىنەم، مەدىنەخان)، قۇددۇس، بەيتۇللا، سۇرىيە، قاھىرە ... دېگەن ئىسىملارمۇ خېلى كۆپ.

**16. مىللەت، قەبىلە، قەۋم نامىلىرى بىلەن قويۇلغان ئىسىملار**

ئۇيغۇرلاردىكى مىللەتپەرۋەرلىك، ئەجدادلىرىغا بولغان ھۆرمەت، سۆيۈنۈش، ئۇرۇق ـ قەۋملىرىگە بولغان ئىپتىخار ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا قارلۇق، ئۇيغۇر (ئۇيغۇرنىسا)، تۇران (تۇرانقىز، تۇرانخان)، تۈركەش، مۇغۇل (مۇغۇلباي، مۇغۇلبەگ)، ئوغۇز (ئوغۇزخان) ... دېگەن ئىسىملارنى قويۇپ، ئۆز يىلتىزىنى ئۇنتۇماسلىققا، ئۆز مىللىتىنى قەدىرلەش ۋە سۆيۈشكە ئۈندەپ كەلگەن.

**17. يېمەكلىك، تاتلىق ـ تۈرۈملەرنىڭ نامى بىلەن قويۇلغان ئىسىملار**

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ئىقلىم شارائىتىگە ۋە ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرىگە ئاساسەن خىلمۇخىل ئاش ـ تاماق ئېتىش ھۈنەر ـ سەنئىتىنى ۋە ئۆز تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىگە ماس كېلىدىغان نۇرغۇن ئەنئەنىۋى تاماقلارنى ئىجاد قىلغان. ئۇيغۇرلار تاماقنى پەقەت قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈنلا ھازىرلىمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىش، باشقىلارنى ھۇزۇرلاندۇرۇش، تائام تەييارلاشتىكى نازۇك ھۈنەر ـ سەنئىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈنمۇ تەييارلايدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر يېمەكلىكلىرى ئىچىدە ئاساسىي تاماقلاردىن باشقا نۇرغۇنلىغان شېرىن شەربەتلەرمۇ بار. بۇلارمۇ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىغا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. مەسىلەن: توقاچ (توقاچخان)، ھەمەك، كۆمەچ (كۆمەچباي، كۆمەچخان)، پەرمۇدە، پەشمەت، شېكەر (شېكەرخان، شېكەرنىسا)، ھەسەلخان، ناۋاتخان، شەربەت (شەربەتگۈل)، تاتلىق (تاتلىق ئاخۇن، تاتلىقخان)، قېمىز (قېمىزخان)، شېرىن (شېرىنگۈل، شېرىنئاي)، بەتتە، رىشالە.

**18. مەرتىۋە ـ مەنسەپ ئاتالغۇلىرى بىلەن قويۇلغان ئىسىملار**

ئۇيغۇرلار يۇقىرى ساپالىق، مەرتىۋىلىك زاتلارنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلىدۇ. بۇ قانداقتۇر ئۇلارنىڭ باي، مەنسەپدار ياكى تەسىر دائىرىسى زور كىشىلەردىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ يۇرت بېشى، ئەل ئاتىسى بولغانلىقىدىن، ئۇلار ئىچىدە بىلىملىك، ئەقىللىق، چارە ـ تەدبىرلىك، يۇرتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، پىداكار ئەزىمەتلەرنىڭ بولغانلىقىدىندۇر. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئەۋلادلىرىغا ئەنە شۇنداق يۇرت باشچىلىرى ۋە سەردارلارنىڭ نامىنى ئىسىم قىلىپ ياد ئېتىدۇ. مەسىلەن: خان (خانقىز، خانئاي)، مەلىكە، پاشا (پاشاگۈل، پاشاخان)، بانۇم، ئوغلان، سەردار، شاھزات (شاھزادەم)، شاھىمەردان، بەگ (بەگزات)، تۆرە، رەئىس (رەئىسە)، ۋەكىل (ۋەكىلەم)، خوجا، ھاكىم (ھاكىمىيەت، ھاكىمبەگ)، ئەمىر، ئالىم (ئالىمجان، ئالىمئاخۇن)، رەھبەر.

**19. مەشھۇر شەخسلەرنى ئۇلۇغلاپ قويۇلغان ئىسىملار**

ئۇيغۇرلار ئالىم، سەنئەتكار، ئەدىب، سىياسىيون، قوماندان، چېمپىيون ...غا ئوخشاش تۆھپىكار كىشىلەرنى ئىنتايىن چوڭ بىلىدۇ، ئۇلارنى ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىدۇ، ئۇلۇغلايدۇ. ئۇلارنىڭ نام ـ ئاتىقىنى ئەۋلادلىرىغا ئىسىم قىلىپ داۋاملاشتۇرۇش ئۇيغۇر ئېتنونىمىكىسى (نامشۇناسلىق ئىلمى)دىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرىدۇر. مەسىلەن: مۇھەممەد مۇستافا، ھەزرىتئېلى، جەمشىد، نۇشىرۋان ئادىل، ھاتەمتاي، بۇۋىپاتىمە، فىردەۋسى، لوق-

مان، مۇستافا كامال، تۇمارىس، تەڭرىقۇت، ئەلشىر، ئۆتكۈر، لۇتپۇللا، تەۋپىق، ئامانىساخان، نۇزۇگۇم، چىنتۆمۈر باتۇر، ئايبېك، فۇرقەت.

**20. چىراي، قامەت، تۇرق ئاتالغۇلىرى بىلەن قويۇلغان ئىسىملار**

ئۇيغۇرلار ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ ئەدەپلىك، ئەخلاقلىق، ئەقىللىق، باتۇر چوڭ بولۇشىغىلا ئەمەس، بەلكى يەنە چىرايلىق، قامەتلىك، كېلىشكەن بولۇشىنىمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ ۋە بۇ جەھەتتىكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى: سۇبات، زىبا (زىباگۈل)، ھۆسنى (ھۆسنىگۈل، ھۆسنىخان)، قاراچاچ، زۇلفىيە، گۈلبەدەن، گۈلچېھرى، گۈلمېھرى، سەلتەنەت، نازاكەت، قابىل، سۇلكەت، گۈزەل ... قاتارلىق ئىسىملار بىلەنمۇ ئىپادىلەپ كەلدى.

**21. مىجەز ـ خاراكتېر ئاتالغۇلىرى بىلەن قويۇلغان ئىسىملار**

ئۇيغۇرلاردىكى بۇنداق ئىسىملار گۈزەللىك قارىشى تولۇق ئىپادىلەنگەن، باشقىلارنى سۆيۈندۈرىدىغان چىرايلىق ئىسىملاردىن بولۇپ، مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ئىسىم قويغۇچىلار ۋە ئىسىم قويۇلغۇچى ئائىلىسىنىڭ پىسخىك خۇسۇسىيىتى ۋە روھىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەسىلەن: خۇشرۇي، شاتگۈل (شادىيە)، مۇلايىم، زېرەك، سادىق، مۆمىن (مۆمىنجان، مۆمىنەم).

**22. شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە قويۇلغان ئىسىملار**

ئۇيغۇرلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى بەزى شەيئىلەرنىڭ ئىنسانلارغا ئۈمىد، جاسارەت بەخش ئېتىشتەك ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرىنى پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قىلىپ قويۇپ، ئۆز ئارزۇ ـ ئىستەك، ئىرادىلىرىنى ئىپادىلىگەن. مەسىلەن: قاينام، تاشقىن، يالقۇن، دولقۇن، ئۇچقۇن، ئۆركەش، گۈلخان، سۇزۇك، جۇلا، زىلال (زىلالە)، ئاپتاپ.

**23. مەدەنىيەت، سەنئەت ئاتالغۇلىرى بىلەن قويۇلغان ئىسىملار**

ئۇيغۇر خەلقى سەنئەت بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلانغان، مۇزىكا بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ھېسسىياتچان مىللەت. ئۇلار ئۆز ئارمانلىرىنى، دەرد ـ ئەلەملىرىنى، شادلىق ۋە سۆيۈنۈشلىرىنى، غەزەپ ۋە ئىسيانكارانە روھلىرىنى تۈرلۈك سەنئەت ۋە ئېغىز ئەدەبىياتى شەكىللىرى بىلەن ئىپادىلەپ، «12 مۇقام»، دەك «تاھىر ـ زۆھرە»، «ئاقىپكەش بىلەن بوز يىگىت» ...كە ئوخشاش قىممەتلىك خەلق ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرىنى مىراس قالدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەدەبىيات، سەنئەت ئاتالغۇلىرىنى ئەۋلادلىرىغا ئىسىم قىلىپ قوللانغان. مەسىلەن: مەشرەپ، مۇقام، مەرغۇل، سەنئەت، ئىلھام (ئىلھامىيە)، شائىر (شائىرە)، سەنەم، غەزەل (غەزەلخان)، خۇشتار، ساتار.

**24. ئادەملەرنىڭ ئىجابىي خۇسۇسىيەتلىرى ئاتالغۇلىرى بىلەن قويۇلغان ئىسىملار**

ئەزىمەت، باتۇر، قەھرىمان، خىسلەت (خىسلەتبۇۋى، خىسلەتئاي)، پەزىلەت، مەردان، جۈرئەت، ئالىپ، غالىپ، جاسارەت، قەيسەر، ئىلغار، غەيرەت، جۇشقۇن.

**25. قايناق تۇيغۇ، گۈزەل تىلەكلەر بىلەن قويۇلغان ئىسىملار**

بۇنداق ئىسىملار ھەم ئەنئەنىۋى، ھەم يېڭى تۈسكە ئىگە چىرايلىق ۋە لىرىك بولۇپ، كىشىگە يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ. گۈزەللىك تۇيغۇسى، سۆيۈنۈش ھېسسى بەخش ئېتىدۇ. مەسىلەن: سالام، مۇبارەك، مەرھابا، ئىقبال، ئۇلۇغ، شەۋكەت، زەپەر، بەختىيار، دىلرەبا، قۇدرەت، شەرەپ، مەدەنىيەت، دىلدار، قۇتلۇق، ھوشيار، ئۈمىد، مۇھەببەت، شەپقەت، ھەدىيە، ئەقىدە، ئېھسان، نادىر، پاكزات، مۇنەۋۋەر، گۈلرۇھ، دىلناۋا، مۇيەسسەر، يولداش.

**26. سىياسىي تۈس ئالغان ئىسىملار**

بۇ تۈرگە تالىق ئىسىملار ھەرقايسى دەۋر ۋە تارىخىي باسقۇچلاردىكى چاقىرىق، پائالىيەت ۋە سىياسىي مۇددىئانىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۆز مەزگىلىدە مۇئەييەن ئەھمىيىتى بولغان. مەسىلەن: ئازات (ئازاتگۈل)، كۈرەش (كۈرەشەم، كۈرەشخان)، ھۆررىيەت، ئەرك، جەڭگىۋار، ئادالەت، كوممۇنا، پىدائىي، ئىسيان، جاھانگىر، دەۋران، جۇمھۇرىيەت، ئىنقىلاب.

**27. كەمسىتىش، چۆكۈرۈش مەنىسىدىكى ئىسىملار**

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تەركىبىدىكى بۇنداق ئىسىملارنى ئىككى جەھەتتىن چۈشىنىشكە بولىدۇ. بىرىنچىدىن، ئەينى ۋاقىتتا يۇقىرى تەبىقىدىكى دۆلەتمەنلەر ئۆز تەۋەلىكىدىكى چاكارلار ۋە ياللانما ئەمگەكچىلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com



پەرزەنتلىرىگە كەمسىتىش بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، خورلاپ مەجبۇرىي تاڭغان ئىسىملار؛ ئىككىنچىدىن، گاھى ئائىلىلەر ئۆز پەرزەنتلىرىگە «كۆز تەگمەيدۇ»، «بالاقازاغا ئۇچ-رىمايدۇ» پەرھىز مەنىسىدىكى ئىسىملارنى قويۇشتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق ئىسىملار ئۆزلۈكىدىن ئىستېمالدىن قېلىشقا باشلىدى. مىسال: ئەخ-لەت، چاۋار (چاۋارخان)، پاسار، قۇل، زىيادە، خەستە (خەستىخان)، ئۆكتەم، ئارتۇق، خامۇش، پېقىر، قوراي، رەقىپ.

**28. تىلەك، ئىلتىجا مەقسىتىدە قويۇلغان ئىسىملار**

ئۇيغۇرلار ئۇزاققىچە پەرزەنت كۆرەلمەي، پەرزەنتلىك بولغاندا ئاللاغا بولغان رازىمەنلىكى ۋە تەشەككۇرىنى ئى-پادىلەپ: ئاللا بەردى، خۇدابەردى، ئىگەمبەردى، خوجام-بەردى، خۇدايقۇل، ئاللاقۇلى دېگەنگە ئوخشاش ئىسىم-لارنى قويغان. تۇغۇلغان پەرزەنتلىرى توختىمىغانلار ياكى پەرزەنتلىرىنىڭ چاچراپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەنلەر تۇر (تۇرغۇن، تۇرا، تۇراگۇل)، تۇرسۇن (تۇرسۇنخان، تۇر-سۇننىسا، تۇرسۇنئاي)، تۇردى (تۇردىخان، تۇرداخۇن)، توختى (توختام، توختىخان)، توختاش (توختاشخان، توختاشگۇل)، تۇرغان، توختىسۇن، سېتىۋالدى، تىلىۋالدى دېگەنگە ئوخشاش.

**29. چەت ئەللەردىن ۋە باشقا مىللەتلەردىن قوبۇل قىلىنغان ئىسىملار**

دىن، قەدىمىي «يىپەك يولى» ئالاقىسى ۋە قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان قويۇق باردى ـ كەلدىلەر داۋامىدا، ئۇيغۇرلار چەت ئەل ۋە باشقا مىللەت كىشى ئىسىملىرىدىن يېقىملىق، ئىنچام، ئۆزگىچە تۇيۇلغانلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئىسىم قىلىپ ئىشلەتكەن. مەسىلەن: مارىيە، ئاپرېل، زويا، دىنا، رىتا، ئىسكەندەر (ئالېكساندىر)، ۋېنېرا، دېميان، قەيسەر (كايسار)، ئېلىزابېت، رافائىل، مېرىدىيان، پارك (پاركئاي)، تومىرىس، ئىلچەن، ئىلدۇس.

**30. ئەر ـ ئاياللار ئورتاق قوللىنىدىغان ئىسىملار**

ئۇيغۇرلاردا ئەر كىشىلەر خاس ئىسىم قىلىپ قوللان-غاننى تۇرلەپ ياكى «مەم»، «خان»، «گۇل»، «نىسا» قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ ئاياللارمۇ قوللىنىۋېرىدىغان بىر ئالاھىدە ئۇدۇم بار. مەسىلەن: نۇر، نۇرخان، نۇرگۇل، نۇرنىسا، نۇرانەم؛ توختى، توختىخان؛ قۇربان، قۇربانەم، قۇربانگۇل، قۇربانىنسا؛ روزى، روزىخان، روزىنىسا، روزىگۇل؛ بەختى، بەختىخان، بەختىگۇل، بەختىنىسا؛ سە-ئىد، سەئىدەم، سەئىدەخان؛ ھەمرا، ھەمراخان، ھەمرا-گۇل؛ ئىسلام، ئىسلامخان، ئىسلامگۇل؛ تۇرسۇن، تۇر-سۇنگۇل، تۇرسۇنئاي.

**31. دەبدەبىسىنىلا كۆزدە تۇتۇپ، مەنىسى بىلەن ھېسابلاشماي قوبۇل قىلىنغان ئىسىملار**

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە ئاتىلىشتىكى دەب-دەبىسىگىلا ھەۋەس قىلىپ، ئەسلىي مەنىسى ئېتىبارغا ئې-لىنماي قارىسىغا قوبۇل قىلىنغان، ھەرقانداق مىللەتكە تەۋە بولمىغان، نە مەنا، نە خاسلىق، نە كېلىش مەنبەسى ئېنىق بولمىغان غەلىتە ئىسىملارمۇ چېلىقىدۇ. بۇ، ئىسىم قويغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ۋە ئىجتىمائىي مەس-ئۇلىيەت قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەپسۇسلىنارلىق ئەھۋال بولۇپ، تىرىشىپ ئالدىنى ئېلىشقا ۋە خاتىمە بې-رىشكە تېگىشلىك بىنورمال يۈزلىنىشتۇر. مەسىلەن: فىلو-رە، ئەلفىرە، ئەلفىنۇر، ئالمىرە، كالارە، ئىلدانە.

**32. ئىش ـ ھەرىكەت ئاتالغۇلىرى بىلەن قويۇلغان ئىسىملار**

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە، يەنە ئىش ـ ھەرى-كەت، پائالىيەت ئاتالمىلىرى بويىچە قويۇلغان بىر يۈرۈش ئىسىملار بار. بۇنداق ئىسىملار ھېلىھەم قىزغىن ئىستېمال ئۇقتىسىدا تۇرماقتا. مەسىلەن، ئۆسەر، ئۇزەر، ئۇچقۇر، ياشار، چاققان، شاتۇر، ئۈمۈر (ئۈمۈرنىسا)، ھايات (ھا-ياتنىسا، ھاياتنوپۇس)، ئۆتكۈر، پەرۋاز، مە (مەخان، مە-گۇل، مەنىسا، مەخۇن).

يۇقىرىدا بىر ـ بىرلەپ تىزىپ ـ ئاتاپ ئۆتكەن تۈر ـ مەزمۇنلاردىن باشقا، يەنە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تەركىبىدە: ئەركىلىتىش، ھەزىل ـ چاقچاق ۋە كەمسىتىش-لەر تۈپەيلىدىن قۇرۇلمىسى تامامەن بۇزۇلۇپ، ئەسلىي مەنىسى ئۆزگىرىپ كەتكەن ياكى مەنىسىز، تۇتۇق بوپقال-غان ئاباق، ھامۇك، پاشەك، ھانىنات، مەرەك، سامۇق، قۇباق، شەمشەك، ئەبەك، ئوسماق، ئوبۇق، راشاق ... دېگەنگە ئوخشاش قوپال ئىسىملارمۇ؛ باشقا مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشاش داۋامىدا خالىغانچە قىسقارتىلىپ،

كەلسە ـ كەلمەس ئاتاپ يۈرۈپ، ئەسلىي قۇرۇلمىسىمۇ، مەنىسىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئابۇ، گولى، مىتى، كىمۇ، لەمۇ، پاتى، لەتى، پالى، خامۇ، مەيمەي، لاۋئەي، شياۋسا ... دېگەندەك ئېتنونىمكا ئىلمىنىڭ قائىدە ـ پرىنسىپلىرىغا خىلاپ ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان ئىسىملارمۇ ئۇچرايدۇ.

كىشى ئىسمى بىراۋ خالىغانچە ئاتاۋەرسە بولۇۋېرىدىغان ئەتىۋارى يوق پۇچەك سۆز ئەمەس، بەلكى ئۇ تارىختا ئېھتىياجغا ئاساسەن پەيدا بولغان، ئەجدادلىرىمىز قىممەتلىك ئەنئەنە قاتارىدا مىراس قالدۇرغان، ئېلىمىزنىڭ مۇقەددەس ئاساسىي قانۇنىدا دەخلى ـ تەرۇز قىلىشقا بولمايدۇ دەپ بېكىتكەن، دەخلىسىز، خاس، ئىناۋەتلىك نام. خەت ـ يېزىقلىرىنى خالىغانچە ئىشلەتكەنلىك تۈپەيلىدىن، كىملىك، تونۇشتۇرۇش، پوسۇلكا، خەت ـ ئالاقە، ئارخىپ ۋە باشقا تۈگىمەس رەسمىيەتلەر ئۈستىدە تارتىۋاتقان ئورۇنسىز ھەرەج، خاپىلىق، ئاۋارىچىلىك ۋە ئارتۇق چىقىملار بۇنى بىزگە ئاللىقاچان كۆپ قېتىملاپ بىلدۇرگەن، ئاگاھلاندۇردى ۋە جىددىي پوزىتسىيە بىلەن ئۇنى ئىلمىي يوسۇندا قېلىپلاشتۇرۇش، قانۇن ئىزىغا سېلىش ۋە قانۇن ۋاستىلىرى بىلەن قوغداشنىڭ تەخىرسىز بولۇۋاتقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتتى.

ئىسىمشۇناسلىق بىر ئىلىم. يەنە كېلىپ، خېلى بۇرۇنلا پەيدا بولغان، بۈگۈنكى كۈندە قايتا قولغا ئېلىنىۋاتقان، ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ جىددىي دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغاۋاتقان، يېڭى مەسىلە، يېڭى تەتقىقات تېمىلىرى بىلەن بەس ـ مۇنازىرىلەرگە سەۋەب بولۇۋاتقان قىزىق نۇقتا. ئەۋلادلارغا ئىسىمنى قانداق قويۇش، بۈگۈنكى يۇقىرى تەرەققىيات دەۋرىدە كىشىلەر ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋە زۆرۈر تېپىلىۋاتقان مەسىلە. چۈنكى، پەرزەنتلەرگە مۇۋاپىق، چىرايلىق ئىسىم قويۇشمۇ ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى.

كىشى ئىسىملىرىنىڭ ياخشى قويۇلۇشى، توغرا ئاتىلىشى، توغرا يېزىلىشى، ئىسىملارنىڭ تىل تەركىبى، قاتلاملىرى، ئۆزگىرىشلىرى، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى بىلىش، بۇ جەھەتتە ئىنچىكە ۋە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىش بىر مىللەتنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللىرىنى چۈشىنىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئىسىمشۇناسلىق ئىلمى ساھەسىدىكى ئۆزگىچە بىر تىپ بولۇپ، تۈرىنىڭ كۆپلۈكى، مەزمۇنىنىڭ رەڭدارلىقى، مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئۇنىڭدا قوللىنىلغان سىمۋوللۇق ۋاستىلەرنىڭ نازۇكلۇقى بىلەن ئالاھىدە كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدۇ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تارىخ، جۇغراپىيە، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، دىن، پسىخولوگىيە، يېزا ئىگىلىكى، دىپلوماتىيە ۋە ھەربىي ئىشلار قاتارلىق ناھايىتى كەڭ ساھەگە چېتىلىدۇ. ئۇنى تەتقىق قىلىش، ئۇنى توغرا يۆنىلىش بويىچە يېتەكلەش، ئۇنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۇنى مەدەنىيلىك، ھاللىق، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ھەممىمىزنىڭ ئورتاق بۇرچى.

نۆۋەتتە، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئىزدىنىش باسقۇچىدىن يەنە بىر بالداق ھالقىپ، بازار ئىگىلىكى رىقابىتى سورۇنىغا دادىل كىرىپ كەلدى. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى توم ـ توملاپ ئىلمىي ئەسەرلەر يارىتىشتىن ئىسىم بانكىسى ئېچىپ ئىلمىي ئەمگەكتىن ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش پەللىسىگە يۈرۈش قىلدى. بۇنداق ياخشى يۈزلىنىشنى قوللاپ، ئۇنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرالىساق، بۇ جەھەتتىكى پارلاق ئىستىقبال تېخىمۇ كەڭ قۇچاق ئاچقۇسى.

**پايدىلانغان مەنبەلەر:**


1. ئابدۇكېرىم راخمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار: «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى»شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىل 1 ـ ئاي.

2. ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1993 ـ يىل 4 ـ ئاي.

3. مۇتەللىپ سىدىق: «ئىسىم قويۇش قوللانمىسى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1996 ـ يىل 11 ـ ئاي.

4. ئىمىن تۇرسۇن: «ئۇيغۇرلاردا نامشۇناسلىق» «مىراس» 2002 ـ يىل 3 ـ سان.


(ئاپتور: كورلا بايىن شەرقى يول شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇتقا يېتەكچىلىك قىلىش پۇنكىتى ئائىلىكلەر قورۇسىدا)

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى



# يۇمۇرلار



2005.4

### ئالدامچىلىق جىنايىتى

مەلۇم ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىدا بىر كۈنى جىنايى ئىشلار قانۇنىدىن ئىمتىھان ئاپتۇ.

پروفېسسور:

—ئالدامچىلىق جىنايىتى دېگەن نېمە؟

ئوقۇغۇچى:

—ئەگەر سىز مېنى ئىمتىھاندىن ئۆتكۈزمىسىڭىز ئالدامچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەن بولىسىز.

پروفېسسور:

—قانداق چۈشەندۈرىسىز؟

ئوقۇغۇچى: «جىنايى ئىشلار قانۇنىغا ئاساسلانغاندا، باشقىلارنىڭ بىلمىگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئىبزىقتۇرۇش ۋاستىسىنى قوللىنىش ئارقىلىق باشقىلارنى زىيانغا ئۇچراتقان ئادەم ئالدامچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەن بولىدۇ.

### ئورۇن بوشىتىش

ئىككى ياش ئاپتوبۇسقا چىقىپتۇ. ئا ئورۇن تېپىپ ئولتۇرۇپتۇ. ب يېنىدىكى ئۆزىگە ئوخشاشلا ئۆرە تۇرغان ياشانغان ئادەم ۋە بالىغا قاراپ قويۇپ:

—چەت ئەللەردە كىشىلەر ھەممىشە ياشانغانلار ۋە بالىلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىدىكەن،—دەپتۇ.

ئا خىجىل بولۇپ ئورۇندىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. كۈتۈلمىگەندە ب دەرھال ئولتۇرۇۋېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

—بىراق جۇڭگودا ئۇنداق ئەمەس.

### ئەرلەرنى قوغداش ئۈچۈن

—ھېچ چۈشىنەلمىدىم، قانۇندا نېمىشقا بىر ئەر پەقەت بىر خوتۇنلۇق بولۇش بەلگىلەنگەن؟

—سەن توي قىلغاندىن كېيىن بىلىسەن، ئەمەلىيەتتە بۇ قانۇن ئەرلەرنى قوغداش ئۈچۈن.

### كېسەلخانىدا يېتىش

بىر بىمار يېقىن دوستىغا دەپتۇ.

—دوختۇر ئىككى ئاي ئىچىدە مېنى كارىۋاتتىن چۈشۈرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

—ئۇ شۇنداق قىلالىدىمۇ؟

—بەشىنچى كۈنىلا ئۇ مېنى كارىۋاتتىن چۈشۈردى.

—قانداقىسىگە؟

—ئۇ ماڭا كېسەلخانىدا يېتىش خىراجىتى تالونىنى كۆرسەتكەنىدى.

### قىسمەن رايونلار

بىر موماي رادىئو ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇماتنى ھەر كۈنى چوقۇم ئاڭلايدىكەن. بىر كۈنى تاماق ۋاقتىدا ئۇ بالىلىرىدىن سوراپتۇ: —سىلەر قىسمەن رايونلارنىڭ قايسى رايونلار ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ يەردە ھەر كۈنى دېگۈدەكلا يامغۇر ياغىدىكەن ھە!

### كەپسىزلىك

ئاپىسى: چوڭ ئاپاڭغا بەرگىن دېگەن ئالمىنى بەردىڭمۇ؟

بالىسى: بەرگەنتىم. بىراق ئۇ ماڭا بېرىۋەتتى.

ئاپىسى: نېمىشقا؟

بالىسى: مەن ئۇنىڭ يالغان چىشىنى يوشۇرۇپ قويد-



غانتىم.

توپلىغۇچى: **قادىر ئۆمەر** (مارالبېشى ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

### بىر نومۇر چوڭنى ئالاي

قىز: بىر رەزمىر چوڭنى ئالاي.

مال ساتقۇچى: بۇ ئاياغ سىزگە دەل كەلدىغۇ، نېمشقا چوڭ نومۇرنى ئالىسىز؟

قىز: يىگىتىم مېنى ئورۇۋالاپتۇ دەپ قالسۇن.

### خاتىرجەم بول

چېچىنى توخۇنىڭ چاڭگىسىدەك كۆپتۈرۈۋالغان ئايال ئېرىگە:ــ بېرىپ دېرىزە پەردىسىنى چۈشۈرۈۋېتىڭە، قوشنىمىز كۆرۈپ قالسا خىجىل بولىدىكەنمەن،ــ دەپتۇ.

ئېرى تەنە ئارلاش كۈلۈپ:ــ خاتىرجەم بول، سېنىڭ بۇ تۇرقۇڭنى كۆرگەن قوشنىمىزمۇ ئۆزلىكىدىن پەردىسىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ.

### ئادەت

ئەسكەر ئېلىشقا مەسئۇل كادىر، بىر ئەسكەردىن سو- راپتۇ:

ــ سەن قايسى خىلدىكى ئەسكەر بولۇشنى خالاي-



سەن؟

ــ مەن دېڭىز ئارمىيىسى بولۇشنى خالايمەن.

ــ ئىنتايىن ياخشى، ئۇنداقتا مەن سىنى سۇ ئاست پاراخوتىغا ئورۇنلاشتۇراي.

ــ ياق، ياق، بولمايدۇ ئەپەندىم.

ــ نېمىشقا؟

ــ چۈنكى مېنىڭ ئۇخلاۋاتقاندا دېرىزىنى ئاچىدىغ ئادىتىم بار.

### خاتا چۈشىنىش

بىر كۈنى ئەلى يېزىغا دوستىنى ئىزدەپ بېرىپتۇ، كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا كەلگەندە كۆۋرۈكنىڭ بېشىدا بىر دې قان ۋە بىر ئىت بار ئىكەن. ئەلى يىراقراقتا تۇرۇپ دې قاندىن سوراپتۇ:

ــ ئىتىڭىز ئادەم چىشلەمدۇ؟



ــ ياق، ئۇ ئەزەلدىن ئادەم چىشلىمەيدۇ،ــ دەپ دېھقان ئېرەنسىزلا.

ئەلى ئەمدىلا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشكە ئىت ئۇنى چ لىۋاپتۇ. ئاغرىققا چىدىمىغان ئەلى ئىنتايىن ئاچچىقى لىپ:

ــ سىز ئىتىم ئادەم چىشلىمەيدۇ دېگەنغۇ؟ــ د سوراپتۇ.

ــ ھەئە، بىراق بۇ ئىت مېنىڭ ئىتىم ئەمەستە،ــ دە دېھقان.

**ئەزىزە تۈيغۇن** تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: **خۇرسەنئاي مەمتىمىن**

# يارقىن مىللىيلىك، سەممىي ھېسسىيات



خەلق مەدەنىيىتى ـ بىر مىللەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىنىڭ غول ئېقىمى، مىللىي روھىنىڭ تۈۋرۈكى. خەلق قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ئەڭ دەسلەپ تۇرمۇش زۆرۈرىيىتىدىن يارىتىلىپ، گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە يۈكسىلىپ، كېيىنچە ئەقلىيەت بىلەن تويۇنغان مىللىي ھاياتنىڭ يارىشىملىق بېزىكىگە ئايلانغان. شىنجاڭ ئەزەلدىن شەرق ـ غەرب مەدەنىيەتلىرى ئۇچرىشىدىغان جاي بولۇپ، بۇ سېھىرلىك زېمىندىكى قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنىڭ تۈرى كۆپ، مەنىسى چوڭقۇر، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، رەڭدار. شۇڭا بۇ زېمىننىڭ «تەبىئىي مۇزېيى» دېگەن يەنە بىر چىرايلىق نامى بار. بۇ قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلغان تۇنجى نۆۋەتلىك قول ھۈنەر بۇيۇملىرى يەرمەنكىسىگە ھەرقايسى ناھىيە ـ شەھەرلەردىن تاللاپ ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەرنىڭ سانى 3000 دىن ئاشىدۇ. بۇ ئەسەرلەر رەسىم، قەغەز ئويمىلار، كۆن ـ خۇرۇم بۇيۇملىرى، چالغۇلار، ياغاچ ـ تاش ئويمىلار، تۆمۈر ـ مىس ئويمىلار، قاشتاش ئويمىلار، يىلتىز ئويمىلار، چىنە ـ ساپاللار، كىيىملەر، كەشتىلەر، گىلەملەر، ئات ـ ئۇلاغ جابدۇقلىرى، ئاقئۆي ۋە ئۆي جابدۇقلىرى، نىقاب ھەم قورال ـ ياراغلار قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ ئەسەرلەردە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېستېتىك ئىستەكلىرى، تۇرمۇش مەنزىرىلىرى، قەدىمىي ۋە يەرلىك مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرى جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ھەم ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، يارقىن مىللىيلىك، ساددا، سەممىي ھېسسىيات، ئۆزگىچە سېھرىي كۈچ تەپچىرەپ تۇرىدىغان خەلق قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى مودا بولۇۋاتقان دەۋر مەدەنىيىتى بىلەن سېلىشتۇرۇش بىھاجەت. بۇ ئەسەرلەر ياراتقۇچىلىرىدەكلا ساددا، ئەمما تولىمۇ سۆيۈملۈك ھەم ئۇلارنىڭ روھىدەك قىممەتلىك.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان بۇ قېتىملىق پائالىيەت شىنجاڭنىڭ خەلق مەدەنىيىتىنى، ساياھەتچىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈپ، قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنىڭ كەسپىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ شىنجاڭنى بىلىشى ۋە چۈشىنىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغۇسى!

بۇ پائالىيەت 2005 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىكى «ئادىل سودا سارىيى» غا جايلاشقان «شىنجاڭ يىپەك يولى مۇزېيىدا» رەسمىي باشلاندى. 2005 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىگىچە داۋاملىشىدۇ.

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى



نېمە دېگەن راھەت ـ ھە!

پولات ئابدۇكېرىم خوجا فوتوسى



# مىراس


主管:

区文学

编辑:

( 乌市友

电话:( 09

印刷:新疆

发行:乌鲁

订阅:全国各

国内统一刊

国外统一刊号:ISSN1004—382

代号:58—60

邮编:830001　定价:5.00元

باشقۇرغۇچى ئورۇن: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر

تۈزگۈچى: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مە

بېسىلدى.

چى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن

ردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى

كەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نوم

CN65- 113

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:

باھاسى: 5.00 يۈەن